2

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





ISBN 978-7-228-10842-8

9 787228 108428 >

定价：4.50元

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى

2





«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007-يىلى

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔民间趣闻.2：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
ISBN 978-7-228-10842-8

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集- 中国-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006064号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

维吾尔民间趣闻 - 2（维吾尔文）
《维吾尔民间文学大典》编委会编

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.5印张
2007年1月第1版 2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

---

ISBN 978-7-228-10842-8　　定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

**ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى ـ 2**

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5000
ISBN 978-7-228-10842-8
باھاسى: 4.50 يۈەن





# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 55 كىتابچە نەشردىن چىقتى

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چىن تۆمۈر باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئالتۇن كوكۇلىلىق بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەنجى باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كېيىك خانىش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | مەرۋان بىلەن تەرسا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ياغاچ ئات | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۇر، توقماق | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | چۆچۈرە بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سىرلىق چىراغ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شاھزادە بىلەن ئالۋاستى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش | (4.50 يۈەن) |

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | باتۇر قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتاننىڭ تىجارىتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | بىلمەس تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | تەلۋە كۆيئوغۇل | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | كەمەك ھەييار بىلەن مۆختەر ھەييار | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | شەيتاننى ئالدىغان تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئادەمىي شەيتان | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | خىزىر نىياز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | سېھىرلىك ئالما | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆسكەك پادىشاھ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | قاينا، چۆگۈن | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئەقىللىق كەنجى قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ھەركىم قىلسا ئۆزىگە | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | يالتايغاق بوۋاي | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئۆجمە سايىسى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئەپچىلىم | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئارغىماق ماجىراسى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى | ئىككى باينى ئەپلىگەن مالاي | (4.50 يۈەن) |

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۆرگىلىۋاي بىلەن چۆرگىلىۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يەتتە لىڭگىلتاق بىلەن بىر شىڭگىلتاق (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى شىتىلە بىلەن پىتىلە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى مازاقخور مازاقتا ئۆلەر (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى پادىشاھنىڭ كۆڭنى ئۆزارتىشى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېشەكنى ئۆرۈپ خوتۇننى قورقۇتۇش (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى قازان تۇۋى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى شاھ بىلەن شاتۇتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى — 1، — 2، — 3، — 4، — 5 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى (ھېسام چاقچاقلىرى) — 1، — 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى — 1، — 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى — 1، — 2، — 3 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى — 1، — 2 (ھەر بىرى 3.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى (3.50 يۈەن)

( بۇ بىر يۈرۈش 55 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 244.50 يۈەن )

# مۇندەرىجە

## نەسردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى


پەرز ........................................ 1

ۋاي - ۋايلىشىنى ئاڭلىمىسۇن دەپ ............ 2

دېڭىز سۈيى ........................................ 2

نېمە چارە ........................................ 3

دەۋا ........................................ 4

بىر كۈن نەچچە سائەت ............................ 4

كۆزەينەكنى ئېلىۋەت ............................ 5

پادىشاھنىڭ باھاسى ............................ 5

قازىنىڭ ئۆلپىتى ............................ 6

ئادالەت تېشى ............................ 6

پەرىجەم يېسۇن ............................ 7

قەيەردە قازى بولمىسا ............................ 8

ئەپەندىمنىڭ مەسلىھەتى ............................ 9

ئۇخلاۋاتىمەن ............................ 9

نومۇسنى بىلمەيدىغان كىشى ............................ 9

ئۇ دۇنيانىڭ كەڭلىكى ............................ 10

جەننەت بىلەن دوزاخ تولغۇچە ............................ 11

قايسى سازنىڭ ئاۋازى ياخشى ............................ 11

چۈش ............................ 12

مەنسەپكە لايىق ئۆي ............................ 12

موللا شەيتان ............................ 13

مەكروھ ئەمەس ........................ 13
قۇل مۇھەممەت ئەزمە ........................ 15
خالىسىڭىز ........................ 16
كەمتەر پەيغەمبەر ........................ 17
كىشىلەرنىڭ كۈلمەسلىكى ئۈچۈن ........................ 18
قولۇمنى ئېلىڭ ........................ 19
قارىغۇ ھاكىم ........................ 19
كۆزۈڭ ئاغرىسا، قولۇڭنى تارت ........................ 20
ئاي ۋە يۇلتۇز ........................ 21
ئېشەككە ئېشەك سۆيۈنچە ........................ 21
تەگدىن تولىسى مانا بۇياقتا ........................ 22
بىلگەنلەر بىلمىگەنلەرگە ئېيتىپ بەرسۇن ........................ 23
قازاننىڭ قازاسى ........................ 24
ئاخىر بىر كۈن گۆرگە كېلىدۇ ........................ 25
خورەك ........................ 26
ئىگەڭچىلىك ئەقلىڭ بولسا ........................ 26
ۋاپا قىلمىغان كەشە ........................ 27
ئەيىبنى يوشۇرۇش ........................ 27
خىجىل بولماسلىق ئۈچۈن ........................ 28
ئەقلىگە نەپسى مىنگەندە ........................ 29
قىرىق سوئالغا بىر جاۋاب ........................ 29
بىر تۆگە زىيان تارتقۇچە ........................ 30
ئۇستا ساتىراش ........................ 31
يىغىڭىزنىڭ كۈنجۈرىسى ........................ 31
ئۆلپىتىنى كۆرگەندە ........................ 32
زەھەر ........................ 33
يۈزۈمنى كۆرسەتمىدىم ........................ 34

ئېچىلىپ قاپتۇ ........................ 35
ئەجەبا ........................ 36
قوينىڭ نەرخى ........................ 36
چاشقان دورىسى ........................ 37
غوۋغا ........................ 38
ئېگەردىن چۈشمىدىم ........................ 38
تىرناق يارىسى ........................ 39
ھۆرۈن ........................ 39
دوق ........................ 40
ئېھتىيات ........................ 41
ئەزان ........................ 42
شوتا ساتىمەن ........................ 42
ئەپەندىمنىڭ مۈچىلى ........................ 43
بىر مۈشتۇقا بەش تەڭگە ........................ 43
دۇئا ........................ 44
كۈندۈزى يۇلتۇز كۆرۈش ........................ 45
تەڭشەلمىگەن جاھان ........................ 46
گال ئۇستىرا ........................ 47
ئۆكۈزدىن سوراڭ ........................ 47
غازنىڭ قالغان - قاتقىنى ........................ 48
يېرىم باھا ........................ 49
جازانىخور ۋە تاغار ........................ 49
ئۆزىنىڭ تونى ........................ 50
دەمىدە ........................ 50
قىيامەت ........................ 51
ئالىمنىڭ يوغانلىقى ........................ 51
پۇخادىن چىقىمەن ........................ 52

ئالتۇن تېرىش ........................ 52
يۇكنى تەك كۆتۈرۈش ........................ 54
زادى ئاغلاپ باقمىغان ئىش ........................ 55
چۈشنىڭ تەبىرى ........................ 56
بۆرە ۋە يولۋاس ........................ 57
خۇشال بولۇپ توي قىلىمىز ........................ 58
باشقىلارمۇ كۆرسۇن ........................ 58
قۇدۇقتىكى ئاي ........................ 59
ئالدانغانلىقىڭىزغا ئىقرار بولۇڭ ........................ 60
بىرلا سوئال ........................ 61
ھېچنېمە ........................ 62
كىچىك قىيامەت ۋە چوڭ قىيامەت ........................ 63
قىيامەت قەرز ........................ 64
يېگەنگە يارىشا ........................ 64
سورالمىغان دەۋا ........................ 65
پەرىجىنى مىنگەشتۈرۈۋېلىڭ ........................ 65
خالىسىڭىز شاپىلاق يەڭ ........................ 66
چىراغنى ئۆچۈر ........................ 67
راست گەپ ........................ 67
خورەككە ئامال ........................ 69
گۆرى چوڭقۇر بولسۇن ........................ 69
قەرز بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ........................ 70



پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

## پەرز

بىر كۈنى ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە مەھەللە ئىمامى مېھمان بولۇپ كەپتۇ. ئىمام: «بۇنى يېيىش سۈننەت، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېيتىشچە، ئۇنى يېيىشمۇ سۈننەت» دەپ، داستىخانغا قويۇلغان نازۇنېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى پاك ـ پاكىز يەپ تۈگىتىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئۆيگە ئەپەندىمنىڭ بەش ياشلىق ئوغلى كىرىپ كەپتۇ.

— بۇ سىزنىڭ ئوغلىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىمام.

— خوش، تەقسىر !

— ئىسمى نېمە؟

— پەرھىز.

— ھوي، پەرھىز دېگەنمۇ ئىسىم بولامدۇ؟ — دەپتۇ ئىمام.

— تەقسىر، بالىمىزنىڭ ئىسمى سۈننەت ئىدى، لېكىن سىزنى يەپ قويمىسۇن، دەپ پەرھىز دېدىم، — دەپ

جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ۋاي - ۋايلىشنى ئاڭلىمسۇن دەپ

بىر كۈنى ئەپەندىم مەكتەپكە كەلمەپتۇ. ئەتىسى مۇئەللىم:

— تۈنۈگۈن مەكتەپكە نېمىشقا كەلمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دوختۇرغا باردىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— ئاغرىپ قالغانمىدىڭ؟

— ياق، ئاكام چىشىنى تارتقۇزغانىدى، ئاكامنىڭ ۋاي - ۋايلىشنى كىشىلەر ئاڭلىمسۇن، دەپ ئېشەك ئالدىدا ناخشا ئېيتىپ تۇردۇم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## دېڭىز سۈيى

كىشىلەر ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، دېڭىزنىڭ سۈيى نېمىشقا تۇزلۇق بولىدۇ؟

— دېڭىز دېگەن ئاقمايدىغان چوڭ كۆل، تۇزلاپ قويمىسا، بېلىقلار سېسىپ كەتمەمدۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

# نېمە چارە

ئەپەندىم تويۇقسىز ئۆيىگە مېھمان باشلاپ كەپتۇ ـ دە، مېھمانلارنى ئىشىك ئالدىدا قويۇپ، ئۆيدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە كىرىپتۇ. خوتۇنى ئاچچىقلاپ:

— ئۆيدە مېھمانغا قويغۇدەك ھېچنېمە بولمىسا، نېمىشقا مېھمان باشلاپ كېلىسىز؟ — دەپ كايىپتۇ.

— ئەمىسە، سەن چىقىپ «ئەپەندىم ئۆيدە يوق» دەپ قويغىن، قالغىنىنى ئۆزۈم جايلايمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى ھويلىغا چىقىپ:

— مېھمانلار، ئەپەندىم ئۆيدە يوق ئىدى، ئۆزى بار ۋاقتىتا كېلەرسىلەر، — دەپتۇ.

— ھەي، يالغان گەپ قىلماڭ، — دەپتۇ مېھمانلار، — ئەپەندىم بىزنى باشلاپ كېلىپ ھازىرلا ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدىغۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان ئەپەندىم خوتۇنىنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرماق بولۇپ:

— جاھىل مېھمان ئىكەنسىلەر، يوق دېگەندىن كېيىن يوق ـ دە. ئەپەندىم ئالدى ئىشىكتىن كىرىپ كەتكەن بولسا، خوتۇنىدىن قورقۇپ كەينى ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەندۇ، ئۇنىڭغا نېمە چارە! — دەپتۇ.

# دەۋا

ئەپەندىم بازارغا كېتىپ بارسا، مەھەللىنىڭ بىر گەپدانى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ ۋە بىر گەپتىن چۇشۇرمەك بولۇپ:

— ئەپەندىم، ئاخشام ئۇخلاپ ياتسام، بىر چاشقان ئاغزىمدىن كىرىپ كەتتى، بۇنىڭغا نېمە داۋا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— داۋاسى ئاسان، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بىر ئاچ قالغان مۈشۈكنى تېپىپ - دە، ھۆللەپ يۇتۇۋېتىڭ.



# بىر كۈن نەچچە سائەت

ئەپەندىم مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقاندا، خەلپەت ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، بىر كۈن نەچچە سائەت بولىدۇ؟

— يىگىرمە بەش سائەت، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ، بىر كۈن يىگىرمە تۆت سائەت ئەمەسمۇ ! — دەپتۇ خەلپەت.

— تۈنۈگۈنلا سىز كۈن بىر سائەت ئۇزاردى دىگەنىدىڭىزغۇ ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

## كۆزەينەكنى ئېلىۋەت

ئەپەندىم ئۇخلاپ يېتىپ، يېرىم كېچىدە خوتۇنىنى ئويغىتىپتۇ:

— خوتۇن، خوتۇن، چاققان بول، كۆزەينەكنى ئېلىۋەت !

خوتۇنى ھەيران بولۇپ:

— يېرىم كېچىدە كۆزەينەكنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپتىكەن،

— ياخشى بىر چۈش كۆرگەنىدىم، بەكمۇ غۇۋا كۆرۈ-نۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## پادىشاھنىڭ باھاسى

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، قېنى بىر ھەققانىي باھالاپ كۆرۈڭلا، مېنىڭ قەدىر - قىممىتىم نەچچە باھا بولار؟

ئەپەندىم ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا جاۋاب بېرىپتۇ:

— تەقسىر، قەدىر - قىممەتلىرى ئەللىك تىللادىن ئاشمايدۇ !

پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— قانداق پاراسەتسىز ئادەمسىز؟ — دەپتۇ غەزەپ بىلەن، — بېلىمدىكى ئالتۇن كەمەرنىڭ ئۆزىلا ئەللىك تىللاغا توختايدۇ.

— شۇنداق، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئالتۇن كەمەرلىرى بولغانلىقتىن شۇ باھانى ئېيتتىم، بولمىسا ئۇستەك بېرىسىز دېمەكچىدىم.

## قازىنىڭ ئۆلپىتى

بىر كۈنى ئەپەندىم ئېشىكىنى يېتىلەپ كېتىپ بارسا، قازى ئۇچراپ قاپتۇ. قازى ئەپەندىمنى زاڭلىق قىلىپ:

— ئەپەندىم، ئىككى بۇرادەر قاياققا ماڭدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خوش، تەقسىر، بۇرادىرىڭىز: «زېرىكىپ كەتتىم، بىرەر ئۆلپىتىمنىڭ ئۆيىگە ئاپارغىن» دېۋىدى، شۇڭا سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە باشلاپ كېتىپ باراتتىم، ئۆزلىرى ئۇچراپ قىلىپ يولۇم قىسقاردى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئادالەت تېشى

ئەپەندىم بىر بايغا ئايلىق تۇرۇپتىكەن، ئاي ئاخىردا باي يوقىلاڭ باھانە تېپىپ ھەققىنىڭ يېرىمىنى تۇتۇپ قاپتۇ. ئەپەندىم ئەرز قىلىش ئۈچۈن قازىخانىغا بېرىپتۇ. بىراق، قازى سوۋغا - سالام ئەكەلگەنلەرنىڭلا دەۋاسىنى سوراپ، ئەپەندىمگە نەزەرمۇ سالماپتۇ.

ئەتىسى ئەپەندىم بىر ياغلىققا تۆت - بەش تاشنى

چىگىپ قازىخانىغا بېرىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ قولىدىكى ئېغىر تۈگۈننى كۆرگەن قازى دەرھال ئەپەندىمنىڭ دەۋاسىنى سوراپ، باينى چاقىرتىپ كەپتۇ ـ دە، ئەپەندىمنىڭ ھەققى-نى ئېلىپ بېرىپتۇ. دەۋا ئىشلىرى تۈگەپ ئەپەندىم يالغۇز قالغاندا، قازى ئەپەندىمگە قاراپ:

— ئەپەندىم، ياغلىقتىكى نېمە ئىدى؟ قېنى يېشىڭ! — دەپتۇ.

— بۇ ياغلىقتىكى نەپسىڭىزنى تاقىلداتقان نەرسە — ئادالەت تېشى ئىدى، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئەگەر دەۋانى ئادالەت بىلەن سورىمىغان بولسىڭىز، ئادالەت تېشى بېشى-ڭىزغا تەگكەن بولاتتى.

## پەرىجەم يېسۇن

بىر كۈنى مەھەللىدە بىر توي بوپتىكەن، ئەپەندىم كونا كىيىملىرى بىلەن تويغا بېرىپتۇ. لېكىن، ئەپەندىمگە ھېچكىم ئېتىبار قىلماپتۇ، ئۆيگىمۇ باشلىماپتۇ. ئەپەندىم دەرھال ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ مېھماندارچىلىق يېڭى پەرد-جىسىنى كىيىپ كەپتىكەن، ئۇنى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىد-لەن ئۆيىنىڭ تۆرىگە چىقىرىشىپتۇ.

ئاش كەلتۈرۈلگەندە، ئەپەندىم پەرىجىسىنىڭ يېڭىنى تاۋاققا تىقىپ:

— قېنى، ئاش ئال پەرىجەم، تويغۇچە يېگىن! —



دىينشكه باشلاپتۇ. ساهىبخانا ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، بۇ نىمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتىكەن،

— ئىززەت - ھۆرمەت پەرىجە ئۇچۇن بولسا، ئاشنىمۇ پەرىجەم يىسۇن ! — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ ئەپەندىم.

## قەيەردە قازى بولمىسا...

بىر كۇنى كىشىلەر ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، دوزاخقا كىرگەن ياخشىمۇ، جەننەتكىمۇ؟ ئەپەندىم ھىچ ئىككىلەنمەي:

— قەيەردە قازى بولمىسا، شۇ يەرگە كىرگەن ياخشى ! — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ.

## ئەپەندىمنىڭ مەسلىھەتى

ئەپەندىمنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر كىشى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ كەپتۇ:

— ئەپەندىم، دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئىشلارغا دۇچ كەلدىم، قايسىسىنى ئۇنتۇپ، قايسىسىنى يادىمدا ساقلاشنىمۇ بىلەلمەي قالدىم، بىر مەسلىھەت بېرىڭا.

— بۇ دۇنيادا باشقا كىشىدىن كۆرگەن ياخشىلىقلىرىڭىز بولسا، ئۆلگۈچە يادىڭىزدا ساقلاڭ، سىز باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىز بولسا، ئۇنى دەررۇ يادىڭىزدىن چىقىرىپ تاشلاڭ ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئۇخلاۋاتىمەن

بىر كۈنى ئەپەندىم بازارغا كىرىپ، ئاغىنىسى بىلەن بىر سارايدا قونۇپ قاپتۇ. كېچىسى ئاغىنىسى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئۇخلاپ قالدىڭىزمۇ؟

— ھە، نېمە گەپ؟

— بىر ئاز پۇل قەرز سوراي دېۋىدىم، — دەپتۇ ئاغىنىسى. ئەپەندىم دەررۇ خورەك تارتىپ:

— ئۇخلاۋاتىمەن ! — دەپتۇ

## نومۇسنى بىلمەيدىغان كىشى

ئەپەندىم بىر يېقىن دوستىغا خەت يېزىۋاتقىنىدا، بىرى

ئەپەندىمنىڭ كەينىگە كېلىپ ئوغرىلىقچە خەتنى ئوقۇپتۇ. ئەپەندىم خەت ئوقۇۋاتقان كىشىنى سېزىپ قېلىپ، خەتنىڭ ئاخىرىغا: «قەدىرلىك ئاغىنە، ساڭا يازىدىغان گەپلىرىم كۆپ ئىدى، بىراق نومۇسنى بىلمەيدىغان بىر كىشى كەينىمدە تۇرۇپ خېتىمنى ئوغرىلىقچە ئوقۇۋاتىدۇ...» دەپ يېزىپتۇ. ھېلىقى كىشى تېرىكىپ، ئەپەندىمگە دەپتۇ:

— ئەپەندىم، كىشىنى نېمىشقا ھاقارەت قىلىسىز، سىزنىڭ خېتىڭىزنى كىم ئوقۇپتۇ؟

— خەتنى ئوغرىلىقچە ئوقۇمىغان بولسىڭىز، ھاقارەت قىلغانلىقىمنى نەدىن بىلدىڭىز؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

## ئۇ دۇنيانىڭ كەڭلىكى

بىر كۈنى ئەپەندىم بازارغا كېتىپ بارسا، بىر توپ كىشىلەر ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئۇ دۇنيانىڭ كەڭلىكى قانچىلىكتۇ؟ تۈنۈگۈن بىر موللا، ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيادىنمۇ كەڭ، دەيدىغۇ!

شۇ چاغدا كوچىدىن بىر مۇردا ئۆتۈپ قاپتۇ. ئەپەندىم مۇردىنى كۆرسىتىپ:

— ئەنە ئاۋۇ كىشى ئۇ دۇنياغا كېتىپ بارىدۇ، ئۇ دۇنيانىڭ كەڭلىكىنى بىلگۈڭلار كەلسە، مۇردىنىڭ كەينىدىن بېرىپ، ئۆزۈڭلار ئۆلچەپ كۆرۈڭلار! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## جەننەت بىلەن دوزاخ تولغۇچە

ئەپەندىمدىن كىشىلەر سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كىشىلەر قاچانغىچە تۇغۇلۇپ ئۆلۈۋېرىدۇ؟

— جەننەت بىلەن دوزاخ تولغۇچە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## قايسى سازنىڭ ئاۋازى ياخشى

ئەپەندىم بىر سازەندە ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتىكەن، ئاغىنىسى ئەپەندىمگە سازلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ، ئاۋۋال دۇتارنى چېلىپ بېرىپتۇ، كېيىن تەمبۇرنى، ئاندىن راۋابنى... شۇنداق قىلىپ پېشىن بولۇپ كەتكۈچە ئەپەندىمگە ھېچ نەرسە بەرمەپتۇ. ئەپەندىمنىڭ قورسىقى ئېچىپ تارتىشىپ كېتىپتۇ. ئاخىر ئاغىنىسى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ھەممە سازنى ئاڭلاپ كۆردىڭىز، سىزچە، قايسى سازنىڭ ئاۋازى ياخشى ئىكەن؟

— مېنىڭچە بولغاندا، ھازىر ھەرقانداق سازنىڭ ئاۋازى كەپكۈر بىلەن قازاننىڭ ئاۋازىغا يەتمەيدۇ ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## چۆش

ئەپەندىم قازىخانىغا كىرسە، بىر باي قازىنى ماختاۋاتـ-
قانىكەن.

— تەقسىر، ئاخشام شۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، —
دەپتۇ باي قازىغا، — چۈشۈمدە ئەرشكە چىقىپتىكەنمەن،
قارىغۇدەك بولسام، خۇدا ئۆزلىرىنى پەرىشتىلىرىگە ماختاپ
بېرىۋاتقۇدەكمىش.

— ناھايىتى مەنىلىك چۈش ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەنـ-
دىم قازىغا، — بۇ چۈشكە قارىغاندا، يېقىن ئارىدا ئۆزلىـ-
رىگە يا بۇ كىشىنىڭ ھاجىتى چۈشىدۇ، يا خۇدانىڭ.

## مەنسەپكە لايىق ئۆي

بىر كۈنى ئەپەندىمنى شەھەر ھاكىمى چاقىرتىپ ئۇ-
نىڭغا كۆكۈۋېشى
مەنسىپىنى بېـ-
رىپتۇ ۋە مۇنداق
دەپتۇ:

— ئەپەندىم،
ئەمدى مەنسىپىـ-
ڭىزگە لايىق
كەڭرەك ئۆيگە



كۆچۈۋېلىڭ !

— رەھمەت، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆيۈم تارلىق قىلمىغانىدى، مەنسەپ بېرىپ، ئۆيۈمنى تارلاشتۇرۇپ قويدىڭىز !

## موللا شەيتان

ئەپەندىم ئىماملىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە نامازدىن كېيىن كىشىلەرگە ۋەز ئېيتىپتۇ:

— ئەزىز بەندىلەر، ھەرگىز شەيتاننىڭ سۆزىگە كىرمەڭلار، شەيتان ئېزىقتۇرىدۇ، يامان يولغا باشلايدۇ...

مەسچىتتە ئولتۇرغانلاردىن بىرى:

— ئەپەندىم، ھازىرلا مېنى شەيتان ئېزىقتۇرۇۋاتىدۇ، قانداق قىلاي؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمىدەپ ئېزىقتۇرۇۋاتىدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئىككى چاپىنىڭنىڭ بىرىنى ئىمامغا بەرگىن، دەۋاتىدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— ئۇنداق بولسا ئۇ موللا شەيتان ئىكەن، ئۇنىڭ گېپىگە كىرسىڭىز بولىدۇ، چاپاننى بۈگۈندىن قالدۇرماي ئەكېلىپ بېرىڭ ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

## مەكروھ ئەمەس

ئەپەندىم ئېتىزدىن قورسىقى ئېچىپ قايتىپتۇ ۋە

ئوخشىتىپ بىر پولۇ ئېتىپ يېگۈسى كېلىپ پولۇ قىپتۇ. پولۇ پىشقاندىن كېيىن، ئۇنى تاۋاققا ئۇسۇپ تۇرۇشىغا سىرتتىن بىرى چاقىرىپ قاپتۇ. ئەپەندىم كوچىدىن يېنىپ كىرسە، ئىشىك ئالدىدا بىر لالما ئىت سۆڭەك غاجىلاپ يېتىپتۇ. ئەپەندىم ئىتنى قوغلىۋېتىپ، پولۇنى يېمەك بولۇپ ئۆيگە كىرىپتۇ، بىراق كۆڭلىگە شەك چۈشۈپ يېيەلمەپتۇ. «ئىت پۇراپ قويغان ئوخشايدۇ، ــ دەپ ئويلاپتۇ ئەپەندىم، ــ ئىت پۇراپ قويسا، مەكروھ بولىدۇ دەيدىغان، ھەرھالدا موللىدىن سوراپ باقاي.»

ئەپەندىم تاۋاقتىكى پولۇنى كۆتۈرگىنىچە موللىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ــ موللام، بىر ھۆكۈم قىلىپ بەرسىلە، ئىت پۇراپ قويغان پولۇنى يېگىلى بولامدۇ، بولمامدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. موللام كىتابنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ:

ــ ھەي ئىسىت، پولۇ مەكروھ بوپتۇ، كىتابتا ئېيتىلىشچە، قىرىق گەز يەردىنمۇ ئىتنىڭ پۇرىقى تەگسە، تائام مەكروھ بولىدۇ، ــ دەپتۇ.

ــ بەك سەت ئىش بوپتۇ، ــ دەپتۇ ئەپەندىم، ــ ئەسلىدە بۇ پولۇنى ئۆزلىرى بىللە يەرمىز دەپ ئەتكەندىم، ئالدىلىرىغا ئەكەلگۈچە قاملاشمىغان ئىش بوپتۇ، ھەي ئىسىت، ھەي ئىسىت...

ــ توختاپ تۇرۇڭ، ــ دەپتۇ موللام، ــ سىز ھازىر قانداق ئىت دېگەنىدىڭىز؟ كىتابقا ئوبدانىراق قاراپ كۆرەيلى !

— لالما ئىت ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم. موللا كىتابنى يەنە ۋاراقلاپ كۆرۈپ:

— كىتابتا «ئىتلا» دېيىلگەن، «لالما ئىت» دېگەن گەپ يوق ئىكەن. پولۇ مەكرۇھ ئەمەس، قېنى، پولۇنى ئېچىڭ، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، لالما ئىت پۇرىغان پولۇنى ئۆزىڭىز يەڭ، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ ئەپەندىم.

## قول مۇھەممەت ئەزمە

ئەپەندىمنىڭ بۆشۈكتىكى بالىسى يىغلاڭغۇ ئىكەن، بىر كېچىسى ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى بالىنى ئۇخلىتالماي ئەپەندىمگە كايىپتۇ:

— ئەپەندىم، بالىنىڭ دەردىنى مەنلا تارتىمەنمۇ، دادىسى بولغاندىن كېيىن سىزمۇ دەردىنى تارتىپ كۆرۈڭ، بۈگۈن كېچە بالىنى ئۆزىڭىز ئۇخلىتىڭ.

ئەپەندىم كىيىملىرىنى كىيىپ سىرتقا مېڭىپتۇ. خوتۇنى تېخىمۇ تېرىكىپ:

— بالىنى ئۇخلىتىڭ دەۋاتىمەن، سىزگە سىرتتا نېمە بار؟ — دەپتۇ.

— قول مۇھەممەت ئەزمىنى چاقىرىپ كېلەي دېۋىدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم جاۋابەن، — ئۇ قۇرئان ئوقۇسا مەسچىتتىكى ھەممە ئادەم ئۇخلاپ قالاتتى، ئۇنىڭ ئوقۇغان

قۇرئاننى ئاڭلىسا، بالىمىزمۇ ئۇخلاپ قېتىپ كېتىدۇ.

## خالىسىڭىز ...

پادىشاھ ئەپەندىمنى بىر تەڭلىكتە قالدۇرماقچى بولۇپ، ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىپ كەپتۇ. ئەپەندىم ئوردىغا كەلگەندە، پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— ئەپەندىم، بىزگە بىرنەرسە ھاجەت بولۇپ قالغاندى، شۇ ھاجەتتىن بىر چىقىسىڭىزكەن، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

— خوش قېنى، ھاجىتىڭىزنى ئېيتىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— پادىشاھ ئالىيلىرىغا يېرىم يوتەل كېرەك بولۇپ قاپتىكەن، — دەپتۇ ۋەزىر، — شۇنى بىر بەجا كەلتۈرۈپ بەرسىڭىز.

ئەپەندىم ھېچبىر تېڭىرقىماستىن، غىلاپتىن پىچىقىنى چىقىرىپتۇ ـ دە، ئاغزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قاتتىق يوتىلىپتۇ ۋە:

— پادىشاھىئالەم، خالىسىڭىز يوتەلنىڭ ئوڭ يېرىمىنى ئېلىڭ، بولمىسا سول يېرىمىنى، — دەپتۇ ـ دە، ئورنىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

## كەمتەر پەيغەمبەر

ئەپەندىم كىشىلەرگە:

— ماڭا خۇدادىن ۋەھىي چۈشتى، پەيغەمبەر بولدۇم، ئىشەنمىسەڭلار، مۆجىزە كۆرسىتىمەن، — دەپتۇ. توپلانغان كىشىلەردىن بىرى:

— قېنى، مۆجىزە كۆرسەتسىڭىز، ئاۋۇ يوغان تېرەكنى «سۇف» دەپ ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭا ! — دەپتۇ.

ئەپەندىم بىلگەن ئايەتلىرىنى پىچىرلاپ «سۇف» دەپتى-



كەن، دەرەخ ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويماپتۇ. ئەپەندىم دەررۇ دەرەخنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ - دە:

— مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ كەمتىرى، دەرەخ كەلمەسە، خاپا بولماستىن ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم بارىمەن! — دەپتۇ.

## كىشىلەرنىڭ كۈلمەسلىكى ئۈچۈن

ئەپەندىم ئوغلى بىلەن بىر ئېشەككە مىنگىشىپ كېتىپ بارسا، ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر:

— قاراڭلار، بىر ئېشەككە ئىككى كىشى مىنىۋالغىنىنى! — دەپ كۈلۈشۈپتۇ. ئەپەندىم ئوغلىنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، ئۆزى ئېشەكنى ھەيدەپ مېڭىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ:

— قېرىغاندا ئۆزى پىيادە مېڭىپ، ياش بالىسىغا ئېشەك مىندۈرۈپ قويغىنى قىزىقكەن، — دەپ يەنە كۈلۈشۈپتۇ.

ئەپەندىم بۇ كۈلكىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆزى ئېشەككە مىنىپ، بالىسىغا ئېشەكنى ھەيدىتىپتۇ. كىشىلەر يەنە:

— كىچىككىنە بالىنى پىيادە قويۇپ، ئۆزى ئېشەككە مىنىۋالغىنىنى قارىمامدىغان، — دەپ كۈلۈشۈپتۇ.

ئەپەندىم دەرھال ئېشەكتىن چۈشۈپتۇ - دە، ئېشەكنى

مۇرىسىگە ئارتىپتۇ. بالىسى ھەيران بولۇپ:
— دادا، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— كىشىلەرنىڭ كۆلمەسلىكى ئۈچۈن مۇشۇنىڭدىن باشقا ئامال قالمىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## قولۇمنى ئېلىڭ

كۆل بويىدا تاھارەت ئېلىپ ئولتۇرغان ئىمام تېيىلىپ كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. كۆل بويىدىكى كىشىلەر ئىمامغا قول ئۇزىتىپ: «قولىڭىزنى بېرىڭ» دېيىشسىمۇ ئىمام قولىنى ئۇزارتماپتۇ. بۇ ۋەقەنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالغان ئەپەندىم:
— ھەي خالايىق، ئىمام «بېرىش»نى ئۆگەنمىگەن، «ئېلىش»نىلا ئۆگەنگەن، — دەپتۇ ـ دە، ئىمامغا قولىنى سۇنۇپ، — قېنى، تەقسىر، قولۇمنى ئېلىڭ، — دەپتىكەن، ئىمام دەررۇ ئەپەندىمنىڭ قولىغا ئېسىلىپتۇ.

## قارىغۇ ھاكىم

ئەپەندىمنىڭ ياش چېغىدىكى ئاغىنىلىرىدىن بىرى باشقا بىر شەھەرگە ھاكىم بوپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەپەندىم ئاغىنىسىنى يوقلىغىلى بېرىپتۇ. بىراق، ئەپەندىمنىڭ جول ـ جۇل كىيىملىك ھالىنى كۆرگەن ئاغىنىسى ئەپەندىمنى تونۇماسلىققا سېلىپ:

— سىز كىم بولىسىز؟ تونۇماي تۇرىمەن، — دەپتۇ.

— مەن سىزنىڭ ياش ۋاقتىڭىزدىكى ئاغىنىڭىز نەسىردىن بولىمەن، سىزنى ھاكىملىقتا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ كېلىۋىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## كۆزۈڭ ئاغرىسا، قولۇڭنى تارت

ئەپەندىم تېۋىپلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۇنىڭ ئالدىغا كۆزى ئاغرىغان بىر كىشى كېلىپ كۆزىگە داۋا سوراپتۇ. ئەپەندىم ئاغرىقتا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— ئاغرىقنىڭ يىلتىزى قورساقتا ئىكەن، قورسىقىڭىزدا يىلان پەيدا بولۇپ قاپتۇ، — دەپتۇ.

ئاغرىق تەشۋىشكە چۈشۈپ، ئۇنىڭ داۋاسىنى ئېيتىپ بېرىشنى سوراپتۇ.

— قولىڭىز بىكار بولسىلا، قورسىقىڭىزنى سىلاپ بېرىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ئاغرىق كىشى ئەپەندىمنىڭ ئېيتقىنى بويىچە بىكار تۇرماي قورسىقىنى سىلاپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن كۆزى ياخشى بولۇپ قاپتۇ-دە، يەنە ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ:

— ئەپەندىم، بىر كۆرۈپ بېقىڭا، كۆزۈممۇ ساقايدى، قورسىقىمدىكى يىلان يوقىلىپتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يىلانىمۇ يوقىلىپتۇ، كۆزىڭىزمۇ ساقىيىپتۇ. «كۆزۈڭ ئاغرىسا، قولۇڭنى تارت» دېگەن مۇشۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## ئاي ۋە يۇلتۇز

بىر كۈنى كىشىلەر ئەپەندىمدىن:

— ئەپەندىم، يېڭى ئاي چىققاندا، كونا ئاي نەگە كېتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يېڭى ئاي چىققاندا، خۇدايىم كونا ئاينى توغراپ يۇلتۇز قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئېشەككە ئېشەك سۆيۈنچە

ئەپەندىم ئېشىكىنى يوقىتىپ قويۇپ، بازارغا بېرىپتۇ-دە:

— خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئېشىكىمنى يوقاتتىم، كىم تېپىپ ئەكىلىپ بەرسە، ئېشىكىمنى سۆيۈنچە بېرىمەن، — دەپ جار ساپتۇ. كىشىلەر ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، ئېشەككە ئېشەك سۆيۈنچە بەرسىڭىز، ئۆزىڭىزگە نېمە قالىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە قالاتتى، ئېشەكنى تاپقىنىم قالىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## تەڤدن تولسى مانا بۇياقتا

ئەپەندىمنى خوتۇنى ماي ئەكىلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئەپەندىم يەتتە تەڭگىگە ماي ئاپتىكەن، ئاپارغان چىنىسى توشۇپ، يەنە بىر ئاز ماي ئېشىپ قاپتۇ. ئەپەندىم چىنىنىڭ كەينىنى ئۆرۈپ:

— قېنى، قالغان مايىنى چىنىنىڭ بۇ يېقىغا قۇيۇڭ، ماي زايە بولمىسۇن، — دەپتۇ ـ دە، ئېشىپ قالغان مايىنى چىنىنىڭ كەينىگە قۇيدۇرۇپ ئۆيىگە ئەكەپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوتۇنى:





— ۋاي ئۆلەي، ئەكەلگەن مېيىڭىز مۇشۇمۇ، بۇ ماي نېمىگە يەتسۇن، — دېيىشىپتۇ، ئەپەندىم:

— ئالدىرىما، مايىنىڭ تەگدىن تولىسى مانا بۇياقتا، — دەپ چىنىنى ئۆرۈپتىكەن، چىنىنىڭ كەينىدىكى مايمۇ تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ.

## بىلگەنلەر بىلمىگەنلەرگە ئېيتىپ بەرسۇن

بىر كۈنى ئەپەندىم مەدرىسىگە بېرىپ ئېگىز پەشتاقتا چىقىپتۇ ـ دە، تالىپ موللىلاردىن سوراپتۇ:

— سىلەرگە نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلەمسىلەر؟

ھەممە بىر ئېغىزدىن «بىلمەيمىز» دېيىشىپتۇ.

— بىلمىگەن كىشىگە سۆز قىلىشنىڭ پايدىسى يوق، — دەپ ئەپەندىم پەشتاقتىن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەپەندىم يەنە مەدرىسىگە كېلىپ ھېلىقى سوئالنى تەكرارلاپتۇ. بۇ قېتىم تالىپلار «بىلىمىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەپەندىم:

— بىلگەن نەرسىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپتۇ ـ دە، پەشتاقتىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم ئۈچىنچى قېتىم يەنە شۇ سوئالنى بېرىپتىكەن، تالىپلار مەسلىھەتلىشىۋېلىپ:

— بىرىمىز بىلىمىز، بىرىمىز بىلمەيمىز، —

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئەمىسە بىلگەنلىرىڭلار بىلمىگەنلىرىڭلارغا ئېيتىپ بېرىڭلار، — دەپ پەشتاقتىن چۈشۈپ كېتىپتۇ ئەپەندىم.

## قازاننىڭ قازاسى

ئەپەندىمنىڭ قازىنى كىچىكلىك قىلىپ، بىر باي قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە قازان سوراپ بېرىپتۇ ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن قازانغا يەنە بىر كىچىك قازان قوشۇپ ئاپىرىپ بېرىپتۇ. قازاننىڭ ئىگىسى ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، قازانغا قازان قوشۇپ ئەكەلگىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قازىنىڭىز ئېغىرئاياغ ئىكەن، بىزنىڭكىگە بېرىپلا كۆزى يورۇپ قالدى، بالىسى بىلەن قوشۇپ ئەكەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— قازان كېرەك بولسا، خىجىل بولماي سوراپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ قازاننىڭ ئىگىسى خۇشال بولۇپ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئەپەندىم ھېلىقى قوشنىسىدىن تېخىمۇ چوڭراق بىر قازان بېرىپ تۇرۇشنى سوراپ كەپتۇ، قوشنىسى دەررۇ قازاننى ئاچىقىپ بېرىپتۇ.

خېلى كۈنلەر ئۆتكۈچە ئەپەندىم قازاننى قايتۇرۇپ ئەكەلمەپتۇ. ئاخىر قازاننىڭ ئىگىسى ئۆزى ئەپەندىمنىڭ

ئۆيىگە قازاننى سوراپ بېرىپتۇ.

— رەھمەتلىك، ئەجەبمۇ ئوبدان قازان ئىدى، جايى جەننەت بولسۇن، قازىنىڭىز تۇغۇتتا قازا قىلدى، — دەپتۇ ئەپەندىم يىغلامسىراپ.

— ھەي نادان، قازانمۇ قازا قىلامدۇ؟ — دەپتۇ قوشنىسى تېرىكىپ.

— ئۆزىڭىز نادان ئىكەنسىز، قازاننىڭ تۇغقىنىغا ئىشىنىپسىزۇ، ئۆلگىنىگە ئىشەنمەمسىز؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئاخىر بىر كۈن گۆرگە كىلىدۇ

بىر بازار كۈنى ئەپەندىمنىڭ خورجۇنىنى ئوغرى ئە-كېتىپتۇ. ئەپەندىم خورجۇننى ئىزدىمەي، توپتوغرا قەبرىستانلىقا چىقىپ ساقلاپ يېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر:

— ئەپەندىم، ئوغرىنى ئىزدىمەي قەبرىستانلىقتا نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىزدەپ نېمە ئاۋارە بولاتتىم، — دەپ جاۋاب بې-رىپتۇ ئەپەندىم، — ھەرقانچە يامان ئوغرى بولسىمۇ، ئاخىر بىر كۈنى گۆرگە كىلىدۇ.

## خورەك

ئەپەندىم خوپتەندىن كېيىنكى قىرائەت ۋاقتىدا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ خورەك تارتىپتۇ. يېنىدا ئولتۇرغان كىشى ئەپەندىمنى نوقۇپ:

— ئەپەندىم، نامازدا ئولتۇرۇپ ئۇخلىغىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سوراپتىكەن،

— ئۇخلىمىدىم، خورەك تارتىپ ئۇيقۇمنى قاچۇرۇۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئىگەڭچىلىك ئەقلىڭ بولسا...

ئەپەندىم قىشتا ئېشىكىگە يانتاق ئارتىپ كېلىۋېتىپ مۇزلاپ كېتىپتۇ، ئېشەك جانىۋارمۇ مۇزلىغان بولسا كېرەك، ھەر ئىككىيلەن بىرئاز ئىسسىنىۋالايلى، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، يانتاققا ئوت يېقىپتۇ. قۇرۇق يانتاق تاراسلاپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. ئېشەك بولسا ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ. ئېشەكنى قوغلاپ يېتەلمىگەن ئەپەندىم ئېشەكنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپتۇ:

— ھاي ئېشىكىم، ئىگەڭچىلىك ئەقلىڭ بولسا، ئۆزۈڭنى سۇغا تاشلا !

## ۋاپا قىلمىغان كەشە

ئەپەندىم بىر ئېرىقتىن ئاتلىغانىكەن، پۇتىدىكى بىر پاي كەشىسى ئېرىققا چۈشۈپ ئېقىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر كىشى كەشىگە ئىچىنى ئاغرىتىپ:

— ھەي، ھەي، ئەپەندىم، بىر ئوبدان كەشىڭىزدىن ئايرىلىپ قالدىڭىز - دە، — دەپتۇ. ئەپەندىم ھەسرىتىنى يوشۇرۇپ:

— ئوبدانلىقى قۇرۇسۇن، ئىگىسىگە ۋاپا قىلمىغان كەشىدىن قۇتۇلغىنىم مىڭ ياخشى، — دەپتۇ، - دە، يولىغا كېتىۋېرىپتۇ.



## ئەيىبنى يوشۇرۇش

ئەپەندىم كوچىدا مەست بولۇپ ياتقان خان ئەمەلدارىنىڭ كىمخاب تونى بىلەن شايى سەللىسىنى يېشىپ ئەكېتىپتۇ. ئەتىسى ئەمەلدار خىزمەتكارلىرىغا سەللە ۋە تونىنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكارلار بازاردا ئەمەلدارنىڭ تونىنى كىيىپ، سەللىسىنى ئوراپ غادىيىپ يۈرگەن ئەپەندىمنى ئۇچرىتىپ، تونى يەشكۈزۈۋالماق بوپتۇ. ئەپەندىم:

— تونى ئىگىسىنىڭ قولىغا بېرىمەن، — دەپ يەشكىلى ئۇنىماپتۇ. خىزمەتكارلار ئەپەندىمنى ئەمەلدارنىڭ

ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— تون بىلەن سەللىنى نەدىن ئالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەمەلدار.

— ئاخشام كوچىدا بىرى مەست بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. «سەندەك شەرىئەت يولىدىن ئازغان پەس ئادەمگە تون بىلەن سەللە زايە» دېدىم - دە، يەشكۈزۈۋېلىپ، ئېرىقتا دومىلىتىۋەتتىم. ئەگەر شۇ مەست سىز بولسىڭىز، تون ۋە سەللىڭىز مانا، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ياق - ياق، مەن مەست بولۇپ باققان ئەمەس، — دەپتۇ ئەمەلدار، — تون تونغا ئوخشايدۇ - دە، بۇ تون مېنىڭ ئەمەس، ئىگىسىنى تېپىپ شۇنىڭغا بېرىڭ.



## خىجىل بولماسلىق ئۈچۈن

بىر كۈنى ئەپەندىمدىن سودىگەر تونۇشى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز پۇلغا ئامراقمۇ، ئۈچمۇ؟

— ئەلۋەتتە پۇلغا ئامراقمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— نېمىشقا ئامراقسىز؟ — دەپ سوراپتۇ سودىگەر قايتىلاپ.

— مەككار سودىگەرلەرنىڭ ئالدىدا خىجىل بولماسلىق ئۈچۈن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئەقلىگە نەپسى مىنگەندە

نەپسخور بىر ئادەم ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، دانا ئادەمسىز، ئېيتىپ بېرىڭا، كىشى قانداق ۋاقىتلاردا ئەقلىدىن ئازىدۇ؟

— ئەقلىگە نەپسى مىنىۋالغاندا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## قىرىق سوئالغا بىر جاۋاب

پادىشاھ ئوردىسىغا باشقا بىر مەملىكەتتىن بىر ئۆلىما



كەپتۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ قىرىق سوئالىغا بىرلا جاۋاب بېرىش-نى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ، ئاخىر نەسىردىن ئەپەندىمنى چاقىرتىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەپەندىم پادىشاھ ئوردىسىغا كېلىپ ئىشنىڭ تەكتىنى ئۇققاندىن كېيىن ھېلىقى ئۆلىماغا قاراپ:

— قېنى، سوئالىڭىزنى بېرىڭ، قولىقىم سىزدە، — دەپتۇ. ئۆلىما كەينى - كەينىدىن قىرىق سوئال بېرىپ-تۇ - دە:

— ئەپەندىم، جاۋاب بېرىپ كۆرۈڭ، — دەپتۇ. ئەپەن-دىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سوئالىڭىزنىڭ بىرىنى چۈشەنگەن بولسام ئۆلەي، جاۋاب شۇ، — دەپلا چىقىپ كېتىپتۇ

## بىر تۆگە زىيان تارتقۇچە...

نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ بەش تۆگىسى بار ئىكەن. ئە-پەندىم تۆگىلىرىنى باققىلى ئاچىقىپ، كەچتە بىر تۆگى-سىنى مىنىپ، قالغانلىرىنى ھەيدەپ قايتىپتۇ. يولدا تۆگى-لىرىنى سانىسا، تۆگىسى تۆت چىقىپتۇ. ئۇ دەرھال مى-نىۋالغان تۆگىسىدىن چۈشۈپ ئالدىدىكى تۆگىنى سانىسا، تۆگىسى بەش چىقىپتۇ. ئەپەندىم خاتىرجەم بولۇپ تۆگىگە مىنىپ يەنە بىر قېتىم ساناپ باقسا، تۆگىسى يەنە تۆت چىقىپتۇ. ئەپەندىم تۆگىدىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ - دە، يەنە

تۆگىسىنى ساناپتۇ، قارىسا تۆگىسى بەش ئىكەن. ئەپەندىم: «خەير، بىر تۆگە زىيان تارتقاندىن، تۆگىلەرنى پىيادە ھەيدەپ كەتكىنىم تۈزۈك ئىكەن» دەپ تۆگىلىرىنى ھەيدىگىنىچە ئۆيىگە كېتىپتۇ.

## ئۇستا ساتىراش

بىر كۈنى ئەپەندىم ساتىراشقا چاچ ئالدۇرۇپتۇ. ساتىراش ئېھتىياتسىزلىقتىن ئەپەندىمنىڭ بېشىنىڭ بىرنەچچە يېرىنى كېسىپ قويۇپ، پاختا يېپىشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەپەندىم:

— ئۇستا ساتىراش ئىكەنسىز، بېشىمنىڭ يېرىمىغا پاختا تېرىپسىز، قالغان يېرىمىغا ئۆزۈم زىغىر تېرىيمەن، دە، شۇ زىغىرنى ياغ تارتقۇزغاندا، ھەققىڭىزنى ئالىسىز، — دەپ پۇلىنىمۇ بەرمەي چىقىپ كېتىپتۇ.

## يىغىڭىزنىڭ كۈنجۈرىسى

بارات كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمنى كۈلكىگە قالدۇرۇش ئۈچۈن، «ئەپەندىم قۇيماق سېلىپ يېسۇن» دەپ بىر قاپاق سۈيدۈك ئەۋەتىپتۇ.

ئەپەندىم پادىشاھنىڭ بۇ قىلىقىغا لايىق جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلاپ يۈرگىنىدە، پادىشاھنىڭ چىشى ئاغرىپ

ھېچبىر داۋا تاپالماپتۇ. پادىشاھ ئاخىر ئەپەندىمنى چاقىرتىپتۇ. ئەپەندىم قۇرۇق گەندىدىن بىر ئاز ئېلىپ قەغەزگە ئوراپتۇ ـ دە، ئوردىغا بېرىپتۇ.

ــ سىزگە دورا كەلتۇردۇم، ــ دەپتۇ ئەپەندىم پادىشاھقا، ــ دورىنى ئاغرىغان چىشىڭىزغا بىسىپ، ئاغزىڭىزنى مەھكەم يۇمۇڭ، چىشىڭىزنىڭ ئاغرىقى دەرھال پەسلەيدۇ.

پادىشاھ گەندىنى چىشىغا بېسىپ، ئاغزىنى يۇمۇپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن سېسىقلىقىغا چىدىيالماي قاپتۇ.

ــ ئەپەندىم، قانداق دورا بۇ، سېسىقلىقىدىن دىماغلىرىم يېرىلىپ كېتەي دېدىغۇ! ــ دەپتۇ پادىشاھ.

ــ بۇ سىز ماڭا ئەۋەتكەن ياغىنىڭ كۆنجۈرىسى، ــ دەپتۇ ئەپەندىم.



## ئۆلپىتىنى كۆرگەندە

بىر كۈنى ئەپەندىم ئېشەككە مىنىپ كېتىپ بارغىنىدا، ئالدىدىن ئاتقا مىنگەن شەھەر قازىسى بىر قانچە ھەمراھلىرى بىلەن چىقىپ قاپتۇ. ئەپەندىم سالام بېرىشكە ئۈلگۈرمەيلا، ئېشىكى ھاڭراپ كېتىپتۇ. قازىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

ــ ئەپەندىم، ئېشىكىڭىزمۇ ھاياسىز ئىكەن، بىمەنە ۋاقىتتا ھاڭراۋېرىدىكەن، ــ دەپتۇ.





— ئيشكىم هايالىق ئىدى، بىراق سىزدەك ئۇلپىتىنى كۆرگەندە هايانى ئۇنتۇغان بولسا هيچ گەپ ئەمەس، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## زەهەر

ئەپەندىم مەدرىسىدە دەرس تەكرار قىلىۋاتقاندا، بىرى خەلپەتكە بىر ئاپقۇر هەسەل ئەكەپتۇ. خەلپەت هەسەلنىڭ ئاغزىنى قەغەز بىلەن يېپىپ ئويۇققا ئېلىپ قويۇپتۇ ـ دە، ئەپەندىمگە:

— بۇ چىنىدىكى زەهەر، تەگكۈچى بولما، پۇرىقى بۇرنىڭغا كىرسىمۇ، تىن تارتماي ئۆلىسەن ! — دەپ

سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەپەندىم خەلپەتنىڭ سىياھدانىنى يەرگە بىر قويۇپ چىقىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئۇيۇقتىكى ھەسەلنى ئېلىپ، پەيشەنبىلىك نان بىلەن پاك - پاكىز يەپ تۈگىتىپتۇ.

خەلپەت قايتىپ كېلىپ قارىسا، چىنە قۇرۇق تۇرغۇدەك.

— بۇنى كىم يېدى؟ — دەپ سوراپتۇ خەلپەت ئەپەندىمدىن.

— تەقسىر، ئېھتىياتسىزلىقتىن سىياھدانىڭىزنى سۇندۇرۇپ قويدۇم، خىجالەتچىلىكىمدىن ئۆلۈپ قالاي، دەپ زەھەرنى ئېلىپ پۇرسام، ئۆلمىدىم، سىز كەلگۈچە تېزرەك ئۆلۈۋالاي، دەپ ھەممىسىنى يەۋەتسەممۇ ئۆلمەيۋاتىمەن ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## يۈزۈمنى كۆرسەتمىدىم

ئەپەندىم پادىشاھنى زاڭلىق قىلغىنى ئۈچۈن، پادىشاھ ئاچچىقلاپ:

— ئوردىدىن يوقال ! ئىككىنچى يۈزۈڭنى كۆرسەتكۈچى بولما ! — دەپ ئەپەندىمنى ئوردىدىن قوغلاپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا باشقا بىر مەملىكەتتىن ئەلچىلەر كەپتۇ. پادىشاھ ئەلچىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە قىينىلىپ، يەنە

ئەپەندىمنى چاقىرتىپ كېلىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

ئەپەندىم ئوردىغا كەينىچە مېڭىپ كىرىپ كەپتۇ. بۇ هالنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ تېخىمۇ غەزىپى ئۆرلەپ:

— ئەپەندىم، بۇ قانداق ھاياسىزلىق ! ئالدىمغا كەينىچە كىرىشكە قانداق پېتىندىڭ ؟ ! — دەپتۇ.

— بۇيرۇقلىرىغا بىنائەن، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — ئۆزلىرى يۈزۈڭنى كۆرسەتمە دېگەنىدىلە، شۇڭا يۈزۈمنى كۆرسەتمەي، ئارقامنى كۆرسىتىۋاتىمەن !

## ئېچىلىپ قاپتۇ

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمنى ئوۋغا بىللە ئاچىقىپتۇ. بىر قونالغۇغا چۈشكەندە، پادىشاھ ئەپەندىمنى زاڭلىق قىلماقچى بولۇپ ئەپەندىمنىڭ ئېتىنىڭ كالپۇكىنى كەستۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ ئىشنى پەملەپ قالغان ئەپەندىم دەررۇ پادىشاھنىڭ ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىپ تاشلاپتۇ.

ئەتىسى ئوۋدىن قايتقاندا، پادىشاھ كەينىدىن كېلىۋاتقان ئەپەندىمگە قاراپ:

— ئەپەندىم، ئېتىڭىز نېمىگە كۈلۈۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تەقسىر، ئېتىڭىزنىڭ كەينى ئېچىلىپ قاپتىكەن، شۇنى كۆرۈپ كۈلۈۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئەجەبا...

بىر كۈنى ئەپەندىم شەھەر ھاكىمىنىڭ قېشىغا بىلىر ئىش بىلەن كېلىپ تۇرۇشىغا، كىشىلەر بىر يانچۇقچىنى تۇتۇپ كىرىپتۇ. ھاكىم ئوغرىنى كۆرۈشى بىلەنلا:

— ھەي، مۇشۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە سەككىزىنچى قېتىم كېلىشىڭ، نومۇسنى بىلمەيدىغان قانداق ئوغرىسەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ھاكىمنىڭ گېپىگە ئەپەندىم كۈلۈپ كېتىپتۇ. ھاكىم ئەپەندىمگە ئاچچىقلاپ:

— ئەپەندىم، نېمىگە كۈلىسىز؟ — دەپتىكەن، ئەپەندىم:

— مەھكىمىڭىزگە ھەر كۈنى كېلىپ - كېتىپ تۇرغان ئوغرىلارغا گەپ يوق، ئەجەبا، بۇ كىشى سەككىز قېتىم كەلسە، نېمە بوپتۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## قوينىڭ نەرخى

بىر كۈنى ئەپەندىم قوينى سېتىش ئۈچۈن بازارغا ئاچىقىپتۇ. بىر خېرىدار قوينى كۆرۈپ:

— ئەپەندىم، قوينى نەچچىگە ساتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ قوي ئۆزۈمگە بەش تەڭگىگە توختىغان، ئالتە

تەڭگىگە ساتسامىكىن دەپ تۇرىمەن، بەلكىم، خېرىدارى چىقىپ قالسا، يەتتە تەڭگىگە ساتارمەن. قويۇمغۇ سەككىز تەڭگىگە ئەرزىيدۇ. ئەگەر قويۇمغا كۆزىڭىز چۈشكەن بولسا، توققۇز تەڭگە قىلىڭ ــ دە، ئون تەڭگىگە بېرىمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## چاشقان دورىسى

ئەپەندىم تۇرمۇشتىن قىيىنىلىپ، ئۇششاق شېغىل تاشلارنى يىغىپ، بازارغا ئاچىقىپ ئالدىغا يېيىپ ئولتۇرۇ-غىنىدا بىر كىشى كېلىپ سوراپتۇ:

ــ ئەپەندىم، سېتىپ ئولتۇرغىنىڭىز نېمە ئۇ؟

ــ ئېلىڭ، ــ دەپتۇ ئەپەندىم، ــ چاشقان دورىسى.

ــ بۇنى قانداق ئىشلىتىدۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

ــ چاشقاننى تۇتىسىز-دە، ئاغزىغا مۇشۇ تاشتىن بىر تالنى تىقىسىز، ئاندىن بېشىغا دىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە بىر ئۇرسىڭىز، ھەرقانداق چاشقان تىن تارتماستىن ئۆلىدۇ.

ــ چاشقاننى تۇتقان ئادەم تاشنى ئاغزىغا تىقماستىن ئۇرسىمۇ ئۆلمەمدۇ؟ ــ دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

ــ ئۇنداق قىلسىڭىزمۇ ئۆلىدۇ، بىراق دورا سېتىلماي قالىدۇ-دە، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## غوۋغا

بىر كېچىسى ئەپەندىم ئۇخلاپ ياتقىنىدا كوچىدىن غوۋغا ئاڭلىنىپتۇ. ئەپەندىم دەرھال خوتۇنىنى ئويغىتىپتۇ:

— خوتۇن، كوچىدا غوۋغا بولۇۋاتىدۇ، پەرىجىنى ئېلىۋەتكىن، چىقىپ كىرەي، — دەپتۇ - دە، پەرىجىسىنى يېپىنغان پېتى كوچىغا چىقىپتۇ. ئەپەندىمنىڭ چىقىشىغا، كوچىدا غوۋغا كۆتۈرۈشكەن بىر توپ مەستلەر ئەپەندىمنىڭ پەرىجىسىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. ئەپەندىم ئەلەم بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كىرگەندە، خوتۇنى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كوچىدىكى نېمە غوۋغا ئىكەن؟

— پەرىجەم ئۈستىدە بولۇۋاتقان غوۋغا ئىكەن، پەرىجەمنى ئالدى - دە، بېسىلىپ قالدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئېگەردىن چۈشمىدىم

ئەپەندىم پادىشاھ ئوردىسىدا مۇلازىملىق قىلىۋاتقان كۈنلىرىدە، پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— ئەپەندىم، ئاتقا مىنىڭ - دە، ئېگەردىن چۈشمەي قازىنى چاقىرىپ كېلىڭ ! — دەپتۇ.

ئەپەندىم ئاتنى چاپتۇرغىنىچە قازىنىڭ ئۆيىگە بارسا، قازى بىرقانچە مېھمىنى بىلەن پولۇ يېگىلى تۇرۇپتىكەن،

ئەپەندىم ئاتنىڭ ئېگىرىنى ئېلىپ، ئېگەرنى مىنگەن پېتى ئۆيگە كىرىپتۇ ـ دە، ئېگەر ئۈستىدە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ پولۇ يېيىشكە كىرىشىپتۇ. قازى ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھىئالەم ئېگەردىن چۈشمەي سىزنى چاقىرىپ كەل دېۋىدى. ئاتتىن چۈشسەممۇ، ئېگەردىن چۈشمىدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## تىرناق يارىسى

بىر كۈنى ئەپەندىم تويغا بېرىپ، ئاچ كۆزرەك بىر ئادەم بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. پولۇ تارتىلغاندا، ھېلىقى كىشى دەسلەپ قىلىپ پولۇنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان گۆشكە چاڭگال سېلىشقا باشلاپتۇ.

— بۇرادەر، — دەپتۇ ئەپەندىم ھەمراھىغا، — پولۇ دېگەننى بىر چېتىدىن يەيدۇ.

— ئۈستىدىن يېسە، نېمە بولىدىكەن؟ — دەپتۇ ھېلىقى كىشى نارازى بولۇپ.

— ئۈستىدىن يېسە، پولۇ تىرناق يارىسى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ھورۇن

بىر ھورۇن ئادەمدىن ئەپەندىم سوراپتۇ:

— بۇرادەر، ھال ـ ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟

— يامان ئەمەس، — دەپتۇ ھورۇن، — تاپسام يەيمەن، تاپالمىسام قانائەت قىلىپ يۈرۈۋېرىمەن.

— ئەمىسە سىز شەھىرىمىزنىڭ ئىتلىرىغا ئوخشاپ قاپسىز! — دەپتۇ ئەپەندىم.

## دوق

ئەپەندىم بىر ئىش بىلەن قازىخانىغا بارغىنىدا، قازىخانىدىكىلەر ئۇنىڭ خۇرجۇنىنى تىقىۋاپتۇ. ئەپەندىم قازىغا:

— قازى ئاخۇنۇم، ياخشىلىقچە خۇرجۇنۇمنى تاپقۇزۇپ بېرىڭ، بولمىسا، قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلىمەن، — دەپتۇ دوق بىلەن.

قازى ئۆزىنى ئەپەندىمنىڭ يەرگە قارىتىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ، خۇرجۇنىنى ئىزدىتىپ تاپقۇزۇپ بېرىپ:

— ئەپەندىم، خۇرجۇنىڭىز تېپىلمىسا، نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئېيتىڭا، قولىڭىزدىن نېمە كېلەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەندىشىڭىزگە قايىلمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — قولۇمدىن كېلىدىغىنى — ئۆيدىكى ئەسكى پالاستىن خۇرجۇن تىكتۇرۇۋالاتتىم.

## ئېھتىيات

ئەپەندىم ئوغلىنى بازاردىن نان ئەكېلىشكە بۇيرۇپ، ئىككى سوم بېرىپتۇ ۋە كاچىتىغا بىرنى قويۇپ:

— پۇلنى ئوغرىغا بەرمە! — دەپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى:

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ يوقاتمىغان پۇل ئۈچۈن بالىنى نېمىشقا ئۇرىسىز؟ — دەپتىكەن،

— يوقاتقاندىن كېيىن ئۇرۇشنىڭ نېمە پايدىسى، ئېھتىيات زۆرۈر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.



## ئەزان

ئەپەندىم مەزىن بولۇپ، پەشتاقتا نامازشامغا ئەزان ئېيتىۋاتقاندا، يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بىر كىشى ئەپەندىمگە ۋارقىراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئەزاننى قاتتىقراق ئېيتىڭ، ياخشى ئاڭلانمايۋاتىدۇ!

ئەپەندىم ئېيتىۋاتقان ئەزاننى توختىتىپ:

— ئاڭلىمىساڭ، ئۆزۈڭدىن كۆر، مەن ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىنى بەش چاقىرىم جايدىن ئاڭلاۋېرىمەن، — دەپتۇ.

## شوتا ساتىمەن

ئەپەندىم شوتا كۆتۈرۈپ كېتىپ بېرىپ بىر باغقا دۇچ كەپتۇ. باغدا مېۋىلەر راسا مەي بولۇپ پىشىپ كېتىپتىكەن، ئەپەندىمنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ كەپتۇ ـ دە، شوتىنى تامغا قويۇپ باغقا چۈشۈپتۇ. باغنىڭ ئىگىسى شوتا كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئەپەندىمنى كۆرۈپ:

— ئەپەندىم، باغدا نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شوتا ساتاي دېۋىدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— شوتا ساتسىڭىز، بازارغا بارمامسىز؟ — دەپتۇ باغۋەن.

— بازاردا شوتا ساتىدىغان يەر بەلگىلەنمىگەنىكەن، شۇڭا خالىغان يەردە ساتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## ئەپەندىمنىڭ مۇچىلى

ئەپەندىمدىن بىر كىشى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، مۇچىلىڭىز نىمە؟

— مۇچىلىم ئەجدىھا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— ئەجدىھا دېگەنمۇ مۇچەل بولامدۇ؟ — دەپتۇ ھېلىقى كىشى. ئەپەندىم دەرھال:

— تۇغۇلغىنىمدا مۇچىلىم يىلان ئىكەن، ھازىر قىرىققا كىردىم، قىرىق يىلدا يىلان ئەجدىھا بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## بىر مۇشتقا بەش تەڭگە

بىر كۈنى ئەپەندىم بازارغا كېتىپ بارسا، ئارقىسىدىن كەلگەن بىر كىشى تۇيۇقسىز گەدىنىگە بىر مۇشت ساپتۇ. ئەپەندىم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىسا، تونۇمىغان بىر كىشى ئىكەن.

— كەچۈرۈڭ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى، — مەن سىزنى بىر ئاغىنەمگە ئوخشىتىپ، چاقچاق قىلىپ ساپتىمەن.

ئەپەندىم غەزىپىدىن ئۇ كىشىنى قازىغا سۆرەپ

ئاپىرىپتۇ.

قازى ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېلىقى كىشىگە «بىدىكاردىن ئۇرغىنىڭ ئۇچۇن بەش تەڭگە تۆلەيسەن» دەپ ھۆكۈم قىپتۇ. بىراق، ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا پۇلى بولمىغانلىقىدىن ئۆيىگە بېرىپ پۇل ئەكېلىپ بەرمەكچى بوپتۇ. قازىمۇ ماقۇل بوپتۇ.



ئەپەندىم قازىخانىدا خېلى ئۇزاق ساقلىسىمۇ، ھېلىقى كىشى قايتىپ كەلمەپتۇ. ئەپەندىمنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، ئورنىدىن تۇرغان پېتى قازىنىڭ گەجگىسىگە بىر مۇشت ساپتۇ. قازى چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ ـ دە:

— ئەپەندىم، بۇ نىمە قىلىق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىر مۇشت بەش تەڭگە بولىدىغان بولسا، ئۇ كىشى كەلگەندە بەش تەڭگىنى سىزلا ئېلىۋېلىڭ، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ ئەپەندىم.

## دۇئا

ئەپەندىم ياماقچىلىق قىلىپ ئولتۇرسا، شەھەرنىڭ بىر چوڭ ئاخۇنى كېلىپ:

— ئەپەندىم، مەسەمنىڭ ئۆچى يىرتىلىپ، پۇتۇم چىقىپ قالدى، تەرەت توختىمايۋاتىدۇ. هازىرلا ياماپ بەرسىڭىز! — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

— تەقسىر، هازىر ۋاقتىم يوق، ئەتە كېلىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ياق، هازىرلا تىكىپ بېرىڭ، بولمىسا بىر دۇئا بىلەنلا سىزنى ئىشكتىن چىقالماس قىلىپ قويىمەن! — دەپ پوپوزا قىپتۇ ئاخۇنۇم.

— دۇئايىڭىز شۇنچە كۈچلۈك بولسا، مەسىڭىزگە ئوقۇپ، ئىككىنچى يىرتىلماس قىلىۋېلىڭ! — دەپتۇ ئەپەندىم.



## كۈندۈزى يۇلتۇز كۆرۈش

ئەخمەقرەك بىر ئادەم ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، كۈندۈزى يۇلتۇز كۆرگەن كىشى بەختىلىك بولىدۇ، دەيدۇ. كۈندۈزى يۇلتۇز كۆرۈشكە بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — قىرىق كۈن ياغ - گۆشسىز تاماق يەپ، قاراڭغۇ ئۆيدىن چىقمىسىڭىز، كۈندۈزىمۇ بىمالال يۇلتۇز كۆرۈۋېرىسىز.

هېلىقى كىشى ئەپەندىمنىڭ دېگىنىنى قىلىپ، قىرىق كۈن قاراڭغۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ياغ - گۆشسىز تاماق يەپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى هاسا تايىنىپ ئاران تالاغا

چىقىپتىكەن، كۆزلىرى تورلىشىپ، پۇتلىرى تىترەپ، نەگە قارىسا كۆزىگە جىمىرلاپ تۇرغان ئالىيىشىل دۇگىلەك نەرسىلەر كۆرۈنۈپتۇ.

«پاھ، ئەپەندىمنىڭ ئەقلىگە قايىلمەن، ــ دەپتۇ ھىلىقى كىشى، ــ كۈندۈزى ھەممىلا يەر يۇلتۇز بىلەن تولۇپ كېتىدىكەن ـ دە!»

## تەڭشەلمىگەن جاھان

بىر كۈنى ئەپەندىم يوغان ياڭاق دەرىخىنىڭ ئاستىدا سايىداپ يېتىپ ئويلاپتۇ:

خۇدانىڭ ئەقلىنىمۇ كامىل دەپ بولمايدىكەن ـ دە، شۇنچە يوغان، شۇنچە بەستلىك دەرەخكە تۆگىنىڭ مايىغىدەك مېۋە ياراتقىنىنى كۆرۈڭ، ئىنچىكە، رەزگى پىلەككە بولسا، ھەر يوغان قوغۇن ـ تاۋۇز ياراتقىنى نېمىسىكىن ـ ھە! ھەي تەڭشەلمىگەن جاھان!

دەل شۇ پەيتتە شېخىدىن ئۈزۈلگەن بىر ياڭاق ئەپەندىمنىڭ بېشىغا چۈشۈپ پېشانىسىنى يېرىۋېتىپتۇ.

«خۇدانىڭ ئەقلىگە قايىل مەن! ــ دەپتۇ ئەپەندىم پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ خۇدايىم بىلىپ پاقىغا قۇيرۇق بەرمىگەنىكەن ـ دە، ئەگەر ياڭاقنىڭ ئورنىدا قوغۇن ـ تاۋۇز بولغان بولسا، جېنىمىز ئامان قالمايدىكەن!»

## گال ئۇستىرا

ئەپەندىمنىڭ بىر ئاغىنىسى:

— ئەپەندىم، چىچىڭىز ئۆسۈپ كېتىپتۇ، قىنى ئولتۇرۇڭ، ئېلىپ قوياي، — دەپتۇ.

ئەپەندىم ماقۇل بوپتۇ، ئاغىنىسى گال ئۇستىرا بىلەن ئەپەندىمنىڭ بېشىنى غىرداشقا باشلاپتۇ. ئەپەندىم ئاغرىققا چىداپ، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇرسا، ئاغىنىسى سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، خۇشىيېقىۋاتامدۇ؟ ئۇخلاپ قالدىڭىزغۇ؟

— شۇنداق، ئۇخلاپ قېلىپ چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە بېشىمنى ئىت غاجىلاۋاتقۇدەك، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## ئۆكۈزدىن سوراڭ

بىر كۈنى ئەپەندىم بازاردىن ئۆكۈز ئېلىپ يېتىلەپ كېتىپ بارسا، يولدا ئۇچرىغانلار، ئۆكۈزنى نەچچىگە ئالدىڭىز دەپ سوراۋېرىپ، ئەپەندىمنى زېرىكتۈرۈپتۇ. ئەپەندىم ئۆكۈزنىڭ ئارغامچىسىنى بېلىگە باغلاپتۇ-دە، ئۆكۈزنىڭ ئارقىسىدىن ھەيدەپ مېڭىپتۇ. يولدا يەنە بىرى:

— ئۆكۈزنى نەچچىگە ئالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇرادەر، ئۆكۈز مېنى ئالدى، نەرخىنى ئۆكۈزدىن سوراڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## غازنىڭ قالغان ـ قاتقىنى

ئەپەندىم ئوردىدا ئولتۇرغىنىدا، بىر كىشى پادىشاھقا پىشۇرۇلغان غاز سوۋغا قىپتۇ. پادىشاھ غازنى ئەپەندىمگە بېرىپ:

ــ قېنى، ئەپەندىم، غازنى ئادىللىق بىلەن بۆلۈپ بېرىڭ، ــ دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

ئەپەندىم غازنىڭ بېشىنى كېسىپ پادىشاھقا ئۇزىتىپ:

ــ سىز مەملىكەتنىڭ باشلىقىسىز، شۇڭا غازنىڭ بېشى سىزگە تېگىدۇ، ــ دەپتۇ، ئاندىن غازنىڭ بوينىنى پادىشاھنىڭ خوتۇنىغا بېرىپ، ــ ئەر باش بولسا، خوتۇن بويۇن، غازنىڭ بوينى خانىشقا تەئەللۇق، ــ دەپتۇ. غازنىڭ پۇتىنى پادىشاھنىڭ ئوغلىغا بېرىپتۇ:

ــ مانا بۇ شاھزادىگە، شاھزادە پادىشاھنىڭ ئورنىنى باسىدۇ، ئۇلى مۇستەھكەم بولسۇن.

ئاخىردا غازنىڭ ئىككى قانىتىنى كېسىپ پادىشاھنىڭ ئىككى قىزىغا بېرىپتۇ ۋە:

ــ سىلەر يېقىندا ئۇچۇرما بولىسىلەر. بۇ قىزلار ئوبدان يەرگە ياتلىق بولسۇن، قاناتلىرى قاتتىق بولسۇن، ــ دەپتۇ.

ئەپەندىم غازنىڭ پۇتۇن گەۋدىسىنى ئۆزى ئاپتۇ ـ دە:

ــ قۇللىرىغا غازنىڭ مۇشۇ قالغان ـ قاتقىنى كۇپايە، ــ دەپتۇ.

## يېرىم باھا

ئەپەندىمنىڭ بىشىنىڭ تېگى دىگوۋدەك ياغاق ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ساتىراشقا چاچ ئالدۇرۇپ، ئەسلىدىكى باھانىڭ يېرىمىنى تۆلەپ سىرتقا مىڭىپتۇ.

— ئەپەندىم، يېرىم باھا بەردىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ ساتىراش.

— سىزمۇ يېرىم باش چۈشۈردىڭىز - دە، ئەگەر خۇدا رەھىم قىلىپ، ياشلىقىمغا قايتسام، پۈتۈن باھا ئالدىڭىز، — دەپتۇ ئەپەندىم.



## جازانىخور ۋە تاغار

مەھەللىنىڭ بىر جازانىخورى ئەپەندىمدىن تاغار سوراپ كىرىپتۇ.

— تاغارنى جىنىم بىلەن بېرەتتىممۇ، بىراق تاغار تۇغۇپ قىلىپ، تېخى ئىدەسى تۇشمىغانىدى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قىزىق گەپ، — دەپتۇ جازانىخور، — تاغارنىڭ تۇغقىنى نەدە بار؟

— سىزنىڭ بىر تەڭگىڭىز يىلىغا ئون قىيتىم تۇغسا گەپ يوق، بىزنىڭ تاغار ئۆمرىدە بىر قېتىم تۇغسا بولمامدىكەن ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

## ئۆزىنىڭ تونى

پادىشاھ چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، يۇرت كاتتىلىرىنى چاقىرىپتۇ، شۇ قاتاردا ئەپەندىمنىمۇ چاقىرىپتۇ، زىياپەت ئاخىرىدا ھەممە يۇرت چوڭلىرىغا ھەر خىل ئېسىل تون كىيدۈرۈپ، ئەپەندىمگە ئېشەك توقۇمىنى تەقدىم قىپتۇ. ئەپەندىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— جامائەت، پادىشاھنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت. ھەممىڭلارغا بازاردىن سېتىۋالغان تون كىيدۈرۈپ، ماڭا ئالاھىدە ئېتىبار قىلىپ ئۆزىنىڭ تونىنى بەردى، رەھمەت، رەھمەت، — دەپ زىياپەتتىن چىقىپ كېتىپتۇ.

## دەمدە

ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى تۇغۇتتا بەكمۇ قىينىلىپتۇ. كىندىكئانا بولغۇچى ئايال چىقىپ ئەپەندىمگە:

— ئايالىڭىز قىينىلىپ كەتتى، بىكار ئولتۇرغۇچە يا ئۆزىڭىز دەم سېلىڭ، يا بولمىسا بىرىگە دەمدە قىلدۇرۇپ كېلىڭ ! — دەپتۇ.

ئەپەندىم سىرتقا چىقىپ، تۆت تال ئوشۇق بىلەن بىر قونچاقنى ئەكىلىپ كىندىكئانىغا بېرىپتۇ ـ دە:

— بۇنى ئەكىرىپ ئايالىمنىڭ ئايىغىغا قويۇڭ، ئوغۇل بولسا ئوشۇقنى كۆرۈپ چۈشىدۇ، قىز بولسا قونچاقنى، — دەپتۇ.

## قىيامەت

شەھەرنىڭ داڭلىق بىر بېيى ئەپەندىمنى ئۆيىگە چا-قىرتىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىزنى ناھايىتى موللا، بىلىمدان ئادەم دەيدۇ، ئېيتىپ بېقىڭا، قاچان قىيامەت بولىدۇ؟

— سىز ئۆلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— نەدىن بىلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە باي.

— نەدىن بىلەتتىم، مىراسخورلىرىڭىزنىڭ پەيلىدىن بىلدىم. سىز ئۆلۈپلا، ئەتىسى مىراسخورلىرىڭىز مال-دۇنيا تالىشىپ ئالەمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋې-تىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## ئالىمنىڭ يوغانلىقى

كۆرگەن-بىلگەنلىرى ھەققىدە ماختىنىشىپ ئولتۇرغان بىرنەچچە كىشى ئۈستىگە ئەپەندىم كىلىپ قاپتۇ-دە، ئۇمۇ ماختىنىشقا باشلاپتۇ:

— پاھ، بىز كۆرگەن ئالمۇتۇيارنىڭ ئالىمىسىنى بىر دېمەڭ، ھەربىرى يەتتە-سەككىز جىڭ چىقمىسا ھېساب ئەمەس...

ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار ھەيران بولۇشۇپتۇ:

— ئېغىرلىقى شۇنچىلىك بولسا، يوغانلىقى قانچىلىكتۇ؟

ئەپەندىم جاۋاب بېرەي، دەپ تۇرۇشىغا ئالمۇتۇيارلىق بىرى كېلىپ قاپتۇ.

— يوغانلىقىمۇ چاغلىق، — دەپتۇ ئەپەندىم، — مۇشتۇمدەك چىقىدۇ.

ئاڭلىغانلار كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— ئېغىرلىقى يەتتە ـ سەككىز جىڭ كەلسە، ئۆزى مۇشتۇمدەك بولسا، قانداق ئالما ئۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەگەر بۇ ئالمۇتۇيارلىق بۇرادەر كېلىپ قالمىغان بولسا، يوغانلىقىمۇ تاۋۇزچىلىك بولاتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## پۇخادىن چىقىمەن

بىر كۈنى قازىنىڭ ئوغلى ئەپەندىمنى كەمسىتىپ:

— ئەپەندىم، ئاخشام دادامنىڭ چۈشىدە ئايان بوپتۇ، قىيامەتتە دادام تۆگىگە مىنىپ قوپىدىكەن، سىز دادامنىڭ تۆگىسىنى يېتىلەيدىكەنسىز، — دەپتۇ.

— ئەجەبمۇ ياخشى ئىش بولىدىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — داداڭنىڭ تۆگىسىنى يېتىلىگىنىمچە دوزاخقا ئەكىرىپ قويۇپ، پۇخادىن چىقىدىغان بوپتىمەن ـ دە !

## ئالتۇن تېرىش

ئەپەندىم بىر كۈنى يېزا سىرتىدىن بوز يەر ئېچىۋاتـ

سا، ئۇۋدىن قايتقان پادىشاھ كېلىپ قاپتۇ.

— ئەپەندىم، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ئالتۇن تېرىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— ئالتۇننىمۇ تېرىمدۇ؟

— ئەلۋەتتە تېرىيدۇ، تەقسىر، بولمىسا، خەزىنىڭىزدىكى ئالتۇن قانداق كۆپىيىدۇ!

پادىشاھ ئىككىلىنىپ قاپتۇ ۋە ئەپەندىمنىڭ گېپىنىڭ راست-يالغانلىقىنى سىناش ئۈچۈن ئىككى تىللا چىقىرىپ ئەپەندىمگە بېرىپتۇ:

— بۇنى قوشۇپ تېرىپ قويۇڭ، ھوسۇلىنى تەڭ ئالىمىز!

— خوپ، — دەپتۇ ئەپەندىم، — مانا بۈگۈن ئۇلۇغ پەيشەنبىدە ئالتۇننى تېرىيمەن، بىر ھەپتە پەرۋىش قىلىپ، كېلىدىغان جۈمە كۈنى ھوسۇلىنى ھۇزۇرىڭىزغا يەتكۈزىمەن.

پادىشاھ ئەپەندىمنىڭ سۆزلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ ئوردىغا كېتىپتۇ.

دېگەندەك جۈمە كۈنى ئەپەندىم ئوردىغا كەپتۇ ۋە پادىشاھقا:

— تەقسىر، تېرىغان ئالتۇنىمىز تازا ئوخشىدى، ئىككى تىللادىن يىگىرمە تىللا ئۈنۈپتىكەن، سىزگە ئون تىللا

ئەكەلدىم، — دەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئون تىللا قويۇپتۇ.

ئون تىللانى كۆرگەن پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، بۇ قېتىم تېرىش ئۈچۈن ئەللىك تىللا ئۇرۇقلۇق ئالتۇن بېرىپتۇ.

يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئەپەندىم قۇرۇق قول كەپتۇ.

— ئەپەندىم، ئالتۇن قېنى؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— تەقسىر، بۇ قېتىم تەلەي سولدىن كەلدى، يامغۇر ياغماستىن، ئالتۇنلار قۇرۇپ كەتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— يالغان گەپ، — دەپتۇ پادىشاھ غەزەپلىنىپ، — ئالتۇنمۇ قۇرۇپ كېتەمدۇ؟

— تەقسىر، ئەقلىڭىز جايىدىمۇ ئۆزى؟ ئالتۇننىڭ ئۇ-نۇشىغا ئىشىنىسىزۇ، قۇرۇپ كەتكىنىگە ئىشەنمەمسىز؟ — دەپ قايتىپ كېتىپتۇ ئەپەندىم.

## يوكنى تەك كۆتۈرۈش

بىر كۈنى ئەپەندىم ئېشىكىگە خۇرجۇننى ئارتىپ، ئۇ-نىڭ ئۈستىگە ئۆزى مىنىپ بازارغا مېڭىپتۇ. يولدا ئۇچ-رىغانلار:

— ئەپەندىم، ئېشەككە خۇرجۇننى ئارتقانىنى ئاز، دەپ





ئۇستىگە ئۆزىڭىز مىنىۋاپسىز، ھايۋانغا ئۇۋال ئەمەسمۇ! ــ دېيىشىپتۇ.

ئەپەندىم دەرھال ئېشەكتىن چۈشۈپ، خۇرجۇننى مۈرىسىگە ساپتۇ ـ دە، قايتىدىن ئېشەككە مىنىپ:

ــ راست، جانىۋارغا ئۇۋال بولمىسۇن، يۈكنى تەڭ كۆتۈرەيلى، ــ دەپتۇ.

## زادى ئاڭلاپ باقمىغان ئىش

بىر كۈنى پادىشاھ زېرىكىپ قېلىپ، ئەپەندىمگە:

ــ ئەپەندىم، سىز ماڭا مەن زادى ئاڭلاپ باقمىغان يالغان سۆزدىن بىرنى دەپ بەرسىڭىز، سىزگە يۈز تىللا

تارتۇق قىلىمەن. ئەگەر مەن ئاتلاپ باقمىغان يالغان گەپ ئىكەنلىكىگە مېنى ئىشەندۈرەلمىسىڭىز، دەررە يەيسىز، — دەپتۇ.

— خوپ، گېپىمىز گەپ ئەمىسە، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بىر كۈنى مەن بوۋامدىن قالغان بىر كىتابنىڭ ئىچىدىن بىر ھۆججەتنى تېپىۋالدىم. ھۆججەتكە قارىغاندا، سىزنىڭ مەرھۇم ئاتىڭىز بوۋامدىن ئون مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگە ئۆتنە ئاپتىكەن. بۇ پۇلنى قايتۇرۇش ئەمدى سىزنىڭ گەدىنىڭىزدىكى قەرز بولۇپ قاپتۇ.

— ئەپەندىم، سىز ئالجىپ قاپسىز! مەن زادى بۇنداق ئىشنى ئاڭلاپ باقمىغان ! — دەپتۇ پادىشاھ غەزەپ بىلەن.

— بولدى، مەن سىزگە زادى ئاڭلاپ باقمىغان گەپنى قىلدىم. قېنى، تارتۇق قىلىدىغان يۈز تىللايىڭىزنى بېرىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم كۈلۈپ.

## چۈشنىڭ تەبىرى

پادىشاھ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر ئادەم پادىشاھنىڭ ھەممە چىشىنى سۇغۇرۇۋاپتۇدەك. ئەتىسى پادىشاھ چۈشىنى ۋەزىرگە ئېيتىپ، تەبىر بېرىشنى سوراپتۇ.

— چۈشىڭىزگە قارىغاندا، بالا - چاقىلىرىڭىز ئۆلۈپ كېتىپ، ئۆزىڭىز ھايات قالىدىكەنسىز، — دەپتۇ ۋەزىر. ۋەزىرنىڭ گېپىگە غەزەپلەنگەن پادىشاھ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيى-

رۇپتۇ. شۇ چاغدا ئوردىغا ئەپەندىم كىرىپ قاپتۇ. پادىشاھ چۈشىنى ئەپەندىمگە ئېيتىپ، تەبىر بېرىشنى سوراپتۇ.

— چۈشىڭىزنىڭ مەنىسى چوڭقۇر ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بالا - چاقىلىرىڭىزغا قارىغاندا سىزنىڭ ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولىدىكەن.

پادىشاھ ئەپەندىمنىڭ تەبىرىدىن خۇشال بولۇپ ئۇنىڭغا ھەدىيە بېرىپتۇ.

## بۆرە ۋە يولۋاس

بىر بەگ بۆرىنىڭ ئاغزىدىن بىر قوينى قۇتقۇزۇۋېلىپ ئۆيىگە ئەكەپتۇ - دە، ئۇنى بوغۇزلىماقچى بولۇپ يەرگە يىقىتىپتۇ. يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ئەپەندىم قوينىڭ مەرىگىنىنى ئاڭلاپ، بەگنىڭ ھويلىسىغا كىرىپتۇ.

بەگ ئەپەندىمنى كۆرۈپ دەرھال:

— بۇ قوينى بۆرىنىڭ ئاغزىدىن قۇتقۇزۇۋالدىم، — دەپتۇ.

— ئەمىسە نېمىشقا سىزنى قارغايدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

— نېمىدەپ قارغاپتۇ؟

— نېمە دەيتتى، بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا تۇتۇلدۇم، دەيدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

## خۇشال بولۇپ توي قىلىمىز

بەگنىڭ ئېشىكى يوقىلىپ كېتىپ، ئەپەندىمنى چاقىر-تىپتۇ:

— ئەپەندىم، سىز كۆپ ئېشەك يوقاتقان ئادەم، ئېشەك ئىزدەشنىڭ يولىنى بىلىسىز، مېنىڭ ئېشىكىمنى ئىزدەپ تېپىشىپ بەرسىڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ بەگ.

ئەپەندىم ماقۇل بولۇپ، كوچىمۇ كوچا ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپتۇ. ئەپەندىمنىڭ خۇشال ناخشا ئېيتىپ يۈرگەنىنى كۆرگەن بىر تونۇشى:

— ئەپەندىم، نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بەگنىڭ ئېشىكىنى ئىزدەپ يۈرۈپتىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— ئەمىسە بەكمۇ خۇشۋاق كۆرۈنىسىزغۇ؟ — دەپتۇ ھېلىقى تونۇشى.

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ ئەپەندىم، — بەگنىڭ ئېشىكى يوقالغاندا، خۇشۋاق بولۇپ، ناخشا ئېيتىمىز، ئەگەر ئۆزى يوقالسا، خۇشال بولۇپ توي قىلىمىز.

## باشقىلارمۇ كۆرسۇن

ئەپەندىمنىڭ خۇيى يامان بىر ئېشىكى بار ئىكەن، ئۇ-نى بازارغا ئاچىقىپ بىر بېدىككە سېتىپ بېرىش ئۈچۈن

بېرىپتۇ.

ئىشەك چىشىنى كۆرمەكچى بولغانلارنى چىشلەپ، ساغرىسىنى سىلىغانلارنى تېپىپ، ھېچكىمنى يېنىغا يولاتماپتۇ. ئاخىر بىدىك ئىشەكنى ئەپەندىمگە قايتۇرۇپ بېرىپ دەپتۇ:

— ئىشىكىڭىزنىڭ مىجەزى يامان ئىكەن، خېرىدارلارنى قاچۇرۇۋەتتى، بۇنى ھېچكىم ئالمايدۇ.

— مەنمۇ ساتاي، دەپ تۇرغىنىم يوق، — دەپتۇ ئەپەندىم بىدىككە، — بۇ ئىشەكنىڭ ماڭا سالغان زۇلمىنى باشقىلارمۇ كۆرۈپ باقسۇن، دەپ ئاچىقتىم.

## قۇدۇقتىكى ئاي

ئەپەندىم كېچىسى قۇدۇقتا سۇ ئالغىلى چىقىپتۇ، ئاينىڭ قۇدۇقتىكى شولىسىنى كۆرۈپ، ئاي قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپتۇ، ئۇنى ئورنىغا چىقىرىپ قويماق لازىم، دەپ قۇدۇققا چاڭگاك ساپتۇ. چاڭگاك قۇدۇقنىڭ چاچاپىغا ئىلىنىپ قالسا، ئەپەندىم ئايغا ئىلىنغان ئوخشايدۇ، دەپ بار كۈچى بىلەن ئارقانىنى تارتىپتىكەن، ئارقان ئۈزۈلۈپ كېتىپ ئوڭدىسىغا چۈشۈپتۇ ـ دە، كۆزى ئاسماندىكى ئايغا چۈشۈپ:

«خۇداغا شۈكۈر، ئەزىيەت چەكسەممۇ، ئاينى ئورنىغا چىقىرىپ قويۇپتىمەن» دەپ خاتىرجەم ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

# ئالدانغانلىقىڭىزغا ئىقرار بولۇڭ

باشقا شەھەردىكى بىر باي، ئەپەندىمنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپتۇيۇ، بىراق قايىل بولماپتۇ. «گادايدىن شۇنچە ئەقىللىق ئادەم چىققىنى نەدە بار، — دەپ ئويلاپتۇ ئۇ ئۆزىچە، — قېنى، چېچەن بولسا، مەندەك بىر زىرەك ئادەمنى ئالداپ باقسۇنچۇ! »

ئەپەندىمنى باي سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئەپەندىم بار شەھەرگە سەپەر قىپتۇ. ئۇ شەھەرگە يېقىن قالغاندا، ئېتىزدا ئىشەك بىلەن سۆرەم قىلىۋاتقان ئەپەندىمنى ئۇچرىتىپتۇ.

— شەھىرىڭلاردا نەسىردىن ئەپەندىم دېگەن كىشى بار دەيدىغۇ، مەن شۇنى ئىزدەيتتىم، — دەپتۇ باي ئەپەندىمگە.

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم. باي مەقستىنى ئەپەندىمگە ئېيتىپتۇ. ئەپەندىم:

— مەن ئەپەندىمنىڭ قوشنىسى بولىمەن. ئەپەندىم راستىنلا چېچەن ئادەم، سىزنى ئالداپ كېتىدۇ، ئاۋارە بولماي قايتىپ كېتىڭ، — دەپتۇ.

— ياق، ئالدىيالمايدۇ، — دەپ يەنە قايىل بولماپتۇ باي.

— ئەپەندىم يوق يەردە يوغان سۆزلىمەك، ئۇ كەلسە، سىزنى مۇشۇ يەردىلا ئالداپ كېتىدۇ، — دەپتۇ

ئەپەندىم.

— ياق، ئالدىيالمايدۇ دېدىمۇ ئالدىيالمايدۇ.

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، سىز مۇشۇ يەردە ئېشەك بىلەن سۆرەمگە قاراپ تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن قېچىرىڭىزنى مىنىپ، بىردەمدىلا ئەپەندىمنى چاقىرىپ كېلىمەن، ئالدىيالامدۇ، ئالدىيالمامدۇ، ئاندىن كۆرىسىز.

باي ماقۇل بوپتۇ. ئەپەندىم قېچىرنى مىنىپ شەھەرگە چىپىپ كېتىپتۇ.

باي ئەپەندىمنى كەچكىچە ساقلاپتۇ، بىراق ھېچكىم كەلمەپتۇ. كەچ كىرگەندە، ئىلاجسىز ئەپەندىمنىڭ ئېشىكىنى مىنىپ شەھەرگە كىرىپتۇ.

باي ئەتىسى بازاردا ئۆزىنىڭ قېچىرىنى مىنىپ يۈرگەن ئەپەندىمنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئاچچىقلاپ:

— قانداق ئادەم سىز، تۈنۈگۈن كەچكىچە ساقلىتىپ، ئەپەندىمنى باشلاپ بارمىدىڭىزغۇ! بۇ قانداق ئالدامچىلىق! — دەپتۇ.

— ھەببەللى، مانا ئەمدى خالايىق ئالدىدا ئەپەندىمدىن ئالدانغانلىقىڭىزغا ئىقرار بولۇڭ! — دەپتۇ ئەپەندىم.

## بىرلا سوئال

ئەپەندىم مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، خەلپەت ئۇنىڭدىن ئىمتىھان قىلىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ساڭا قىيىن سوئالدىن بىرنى بېرەيمۇ يا ئاسان سوئالدىن ئىككىنىمۇ؟

— قىيىن سوئالدىن بىرنى بېرىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— خوپ، ئۇنداق بولسا جاۋاب بەر، — دەپتۇ خەلپەت، — ئادەم قانداق پەيدا بولغان؟

— ئادەمنى ئانىسى تۇغقان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— ئۇنىڭدىن ئاۋۋالچۇ؟

— خەلپىتىم، بۇ ئەمدى ئىككىنچى سوئال بولۇپ كەتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.



## ھېچنېمە

ئەپەندىم بىر بېخىل ئادەم بىلەن سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار چۈشلۈكى ئەپەندىمنىڭ نېنى ۋە پىشۇرۇۋالغان تۇخۇمى بىلەن قورساق تويدۇرۇپتۇ. كەچتە بولسا، بېخىل كىشى بىر ئېرىق بويىغا بېرىپ ئەپەندىمدىن ئوغرىلىقچە، ئۆزىنىڭ پىشۇرغان گۆشىنى يېيىشكە باشلاپتۇ. ئەپەندىم تۇيۇقسىز ئۇستىگە بېرىپ قېلىپ سوراپتۇ:

— بۇرادەر، يەۋاتقىنىڭىز نېمە؟

— ھېچنېمە، — دەپتۇ بېخىل يەۋاتقان گۆشنى دەررۇ تىقىشتۇرۇپ.

— ھېچنېمىڭىزنى چىقىرىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ھېچنېمىڭىزنى بولىسىمۇ تەڭ يەيلى !

## كىچىك قىيامەت ۋە چوڭ قىيامەت

كىشىلەر ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئەقىللىق ئادەمسىز، قېنى ئېيتىپ بېرىڭا، قىيامەت قاچان بولىدۇ؟



— خوتۇنۇم ئۆلگەندە كىچىك قىيامەت، ئۆزۈم ئۆلگەندە چوڭ قىيامەت بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## قىيامەت قەرز

بىر سودىگەر يالغاندىن ھەق دەۋاسى قىلىپ ئەپەندىمنى قازىخانىغا ئاپىرىپتۇ ۋە «مېنىڭ گېپىمنى راست قىلىڭ» دېگەن مەنە بىلەن قازىغا پۇل شوڭغۇتۇپتۇ. قازى سودىگەرگە يان بېسىپ ئەپەندىمگە دەپتۇ:

— ئەپەندىم، بۇ كىشىنىڭ ھەققىنى تۆلەمسىز ياكى قىيامەت قەرز قىلامسىز؟

— تەقسىر، قىيامەتتىمۇ قازىلارغا تاپاۋەت، سودىگەرگە تۆھمەت كېرەك بولار، — دەپتۇ ئەپەندىم قازىغا، — بوپتۇ، بۇ كىشىنىڭ ھەققى قىيامەت قەرز بولۇپ قېلىۋەرسۇن.

## يېگەنگە يارىشا

ئەپەندىم مەھەللىگە مەزىن بولۇپ ئەزان ئېيتىۋاتسا، يولدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بىرى:

— ئەپەندىم، ئەزاننى قاتتىقراق ئېيتىڭ، مەھەللىنىڭ ھەممە يېرىگە ئاڭلانسۇن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئەپەندىم ئەزاندىن توختاپ:

— ئەزانمۇ يېگەنگە يارىشا بولىدۇ — دە. ئەگەر سې-نىڭ قورسىقىڭ تويۇپ يۈرگەن بولسا، ئۆزۈڭ چىقىپ قاتتىق ئېيت! — دەپتۇ.

## سورالمىغان دەۋا

بىر ھۆنەرۋەن ئادەم ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ھۆنەرۋەننىڭ كالىسى قازىنىڭ كالىسىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرگەن بولسا، بۇنداق دەۋانى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىدۇ؟

— كالىنى تۆلىتىۋالىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— مۇبادا قازىنىڭ كالىسى ھۆنەرۋەننىڭ كالىسىنى ئۈسۈپ ئۆلتۈرسىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھۆنەرۋەن.

— ئۇنىسىنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم، — تېخى جاھاندا بۇنداق دەۋا سورىلىپ باققىنى يوق.

## پەرىجىنى مىنگەشتۈرۈۋېلىك

بازار كۈنى ئەپەندىم ئېشىكىنى سېتىپ پىيادە كېتىپ بېرىپ، بازاردىن ئاتلىق قايتقان ئىمامنى ئۇچرىتىپتۇ.

— تەقسىر، پىيادە قالدىم، پەرىجەمنى ئېتىڭىزنىڭ

كەيىنگە مىنگەشتۇرۇۋالسىڭىز، ــ دەپ ئىلتىماس قىپتۇ ئەپەندىم.

ــ بولىدۇ، ــ دەپتۇ ئىمام، ــ نەگىچە مىنگەشتۇ-رۇۋالىمەن؟

ــ بىزنىڭ يېزىغىچە.

ــ يېزىغا بارغاندا پەرجىڭىزنى كىمگە بېرىمەن؟

ــ ئەلۋەتتە ئۆزۈمگە بېرىسىز - دە.

ئىمام ھەيران بوپتۇ:

ــ سىز بارغۇچە ساقلاپ تۇرىمەنمۇ؟

ــ ياق، تەقسىر، پەرجىنىڭ ئىچىدە ئۆزۈم بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈمگىلا تاشلاپ كېتىسىز، ــ دەپتۇ ئەپەندىم.

## خالىسىڭىز شاپىلاق يەڭ

ئەپەندىم بىرىنىڭ بېغىغا ئوغرىلىقچە چۈشۈپتۇ ۋە شاخلىرىدا مەي بولۇپ پىشقان مېۋىلەرنى كۆرۈپ ئۆز - ئۆزىگە:

«ھە، ئەپەندىم، باغقا يالغۇز كىرىۋالدىڭىز، خالىسىڭىز ئالما يەڭ، خالىسىڭىز شاپتۇل، خالىسىڭىز ئۆرۈك يەڭ، خالىسىڭىز ئەينۇلا» دەپ تۇرۇشىغا كەينىدىن باغۋەن كې-لىپ بىر شاپىلاق ساپتۇ. ئەپەندىممۇ دەررۇ:

«خالىسىڭىز شاپىلاق يەڭ» دەپ باغدىن قېچىپ چىقىپتۇ.

## چىراغنى ئۆچۈر

بىر ئاخشىمى ئەپەندىم جامائەت بىلەن مەسچىتتە ئولتۇرسا، قوشنىسىنىڭ ئوغلى يۈگۈرۈپ كەپتۇ - دە:

— ئەپەندىم، خۇش خەۋەر، سۆيۈنچە بېرىڭ، ئايالىڭىز تۇغدى، — دەپتۇ. ئەپەندىم يېنىدىن يېرىم تەڭگە چىقىرىپ بېرىپتۇ.

بىر پەستىن كېيىن ئەپەندىمنىڭ ئوغلى كەپتۇ:

— دادا، ئاپام تۇغدى، سۆيۈنچە بەر!

ئەپەندىم ئوغلىغىمۇ يېرىم تەڭگە بېرىپتۇ - دە:

— تاپقان - تەرگەن سۆيۈنچىگە كەتسە، بالىلارنى نېمە بىلەن باققۇلۇق، — دەپتۇ ئوغلىغا، — تېز بار - دە، چىراغنى ئۆچۈر، يورۇقنى كۆرۈپ كەينى - كەينىدىن چىقىۋەرمىسۇن !

## راست گەپ

پادىشاھ پۇقرالارنىڭ دەرد - ئەلىمىنى بىلمەك ئىستىكى بىلەن شەھەر ئارىلاپ ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ.

پادىشاھ ئەپەندىمگە دەپتۇ:

— ئاۋۋال مېنى يەر - زېمىنىڭىزغا باشلاپ بېرىڭ، ئۇنى بىر كۆرەي.

ئەپەندىم دەپتۇ:

— يەر - زېمىنىم غوجامنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن.

— ئەمىسە ئاشلىقىڭىزنى كۆرسىتىڭ، — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئاشلىقىمنى پادىشاھئالەمنىڭ ئوردىسىغا ئاپىرىپ بەرگەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئۆيىڭىزنىڭ تورۇسى قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— مىڭبېگى سېلىق ئۇچۇن بۇزۇپ ئەكەتكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ئەمىسە ئۆي بىساتىڭىز قېنى؟

— قازى بېگىمگە پارا ئۇچۇن بېرىۋەتكەن.

— بالىڭىز يوقمۇ؟

— ئوغلۇم بار ئىدى، يۈزبېگى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەمىسە خوتۇنىڭىزچۇ؟ — دەپ سورىسا، ئەپەندىم:

— ئۆزلىرىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالامدىكىن، دەپ يوشۇرۇپ قويدۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

پادىشاھ جان - پىنى چىقىپ ۋارقىراپتۇ:

— ئەخمەق ! نېمانچە يالغان - ياۋىداق گەپ قىلىسەن ؟ !

— راست گەپ، پادىشاھئالەم، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئەگەر يالغان بولسا بۇنچىلىك ئاچچىقلىرى كەلمىگەن بولاتتى.

## خورەككە ئامال

ئەپەندىم ئاغىنىسىنىڭكىگە مەشرەپكە بىرىپ قونۇپ قاپتۇ. ئاغىنىسى يوتقانغا كىرىپلا قاتتىق خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ. ئەپەندىم خورەك دەستىدىن زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ - دە، يېنىدا ياتقان ئاغىنىسىنىڭ بېشىنى تاتىلاشقا باشلاپتۇ. ئاغىنىسى ئويغىنىپ:

— ئەپەندىم، نېمىشقا بېشىمنى تاتىلايسىز؟ — دەپتۇ.

— بېشىم قىچىشىپ كەتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قىچىشسا، ئۆزىڭىزنىڭ بېشىنى تاتىلىمامسىز!

— كەچۈرۈڭ، قاراڭغۇدا بايقىماق تەس ئىكەن، خورەك ئاداشتۇرۇۋەتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم.



## گۆرى چوڭقۇر بولسۇن

شەھەرنىڭ بىر چوڭ ئەمەلدارى ئۆلۈپتۇ. ئەپەندىم پاتىھەگە بىرىپ:

— مەرھۇمنىڭ گۆرى چوڭقۇر بولسۇن، — دەپ دۇئا قىپتۇ.

— ئەپەندىم، بۇ قانداق دۇئا؟ جايى جەننەت بولسۇن دەڭ، — دەپتۇ هازىدارلارنىڭ بىرى.

— رەھمەتلىك تىرىكلىكىدە بەكمۇ يۇقىرىغا يامىشىدىغان. ئۆلگەندىمۇ يۇقىرىغا يامىشىپ، گۆردىن چىقىۋېلىپ،

جەننەتتىن قوروق قالمىسۇن دەيمەن، ــ دەپتۇ ئەپەندىم.

## قەرز بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن...

بىر كۈنى ئەپەندىم ئاشپۇزۇلغا كىرىپتۇ، ئۇ ئوخشىغان لەڭمەندىن بىر تەخسە يەپ، بىكار بولغان تەخسىنى كۆتۈرۈپ تالاغا مېڭىپتۇ. ئاشپۇزۇلنىڭ ئىگىسى:

ــ ئەپەندىم، تەخسىنى نەگە ئاپىرىسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم دەرھال:

ــ قەرز بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، تەخسىنى سېتىپ، يېگەن ئېشىمنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتەي دەيمەن، ــ دەپتۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMDk4NzMuemlw",
  "filename_decoded": "40209873.zip",
  "filesize": 32315626,
  "md5": "2ed1ba2dac261f7998fbfe81c48894ac",
  "header_md5": "689435b4eb2660e49b6e8125d829592b",
  "sha1": "eb471b0b5f77b5796f8bc6020e835fdbae4d3c24",
  "sha256": "feeb312c53444720c095e3cae3ecb5fa280f38bf122cb0be968adc0c469ec9b3",
  "crc32": 1312434428,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 32775550,
  "pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u255a\u00f1\u256c\u253c \u2562\u25a0
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209873",
  "pdg_main_pages_found": 70,
  "pdg_main_pages_max": 70,
  "total_pages": 82,
  "total_pixels": 321470586,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}